«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物




# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

3
2010
新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تىلشۇناس، پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر ئەپەندى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## ماياك


مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك ........................ 2


## مەدەنىيەت ۋە بۇرچ


مەدەنىيەتنىڭ ساداسى، بىزنىڭ بۇرچىمىز ........................ راھىلە داۋۇت 3

ۋاڭ مېڭنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ............ مۇھەممەتقازى ئەيسا 13


## زامان تەقەززا پىكىرلەر


بېكىنمە ئاڭ ۋە تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقى ............ تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 18


## ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر


ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر ..........يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدى، مۇھەممەت قاتارلىقلار 32


## تۇرمۇش سۈرەتلىرى


ھاشىم پېچەت.......................... (ھېكايە) ........ ئۆمەرجان ئوبۇل (ئارمان) 40

مۇھەببەت گۈلگە ئوخشايدۇ............... (نەسر)............ياسىنجان سادىق چوغلان 51


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ............ئابدۇللا ئابلىز، ھەسەنجان يۈسۈپ قاتارلىقلار 55


## ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى پارچىلار


«ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى» بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەك ئىدى ... يالقۇن روزى تەرجىمىسى 64


## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»


تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە پىكىر قاتماللىقى.................. ئادىل ئابدۇقادىر 70


## قەلبىمدىكى سىمالار


بىر ئاددىي ئىنساننىڭ قايغۇسى ........................ ئابدۇقادىر جالالىددىن 75

ئاسمان ئىزدەۋاتقان ئادەم............ (شېئىرلار)............ ئادىل تۇنىياز 78


مۇقاۋىدا: «بۇلۇتلار ئارىسىدا...» دىلشات ئىبراھىم فوتوسى

**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: بەگمەت يۈسۈپ**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(59 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2010 ـ يىل 3 ـ سان
(ئومۇمىي 303 ـ سان)

باش مۇھەررىر (قوشۇمچە):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل سەنئەت لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
(ئەدەبىيات ماگىستىرى)



# مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك

دۆلەتنىڭ راۋاج تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، قۇدرەتلىك مەدەنىيەت كۈچىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. مەدەنىيەت — مىللەتنىڭ روھى ۋە جېنى، مىللەتنىڭ ھەقىقىي قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى، ئۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. تەرەققىي قىلغان ئىلغار مەدەنىيەت بولمىسا، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۆسمىسە، زامانىۋىلىشىشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەۋر روھى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئىلغار مەدەنىيەت كۈچىگە ئايلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تولۇپ تاشقان جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

بىر يىلدىن بۇيان، بىز جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تېز يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك ئاشۇردۇق. يېڭى بىر يىلدا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى تازا كۈچەيتىشىمىز كېرەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قۇرۇشىمىز لازىم. ھۆكۈمەت جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، خەلقنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى ۋە ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. مەدەنىيەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ۋە جامائەت مەدەنىيەت بايلىقىنى تەقسىملەشنى ئاساسىي قاتلامغا، بولۇپمۇ يېزىلارغا ۋە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مايىللاشتۇرۇپ، گۈزەل سەنئەت سارىيى، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، مۇزېيلارنى ھەقسىز ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ مەنىۋى، مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش لازىم. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، جامائەت پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا يۆلەك بولۇپ، مەدەنىيەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىپ، تايانچ مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ساغلام، ئىلغار مەدەنىيەت مەھسۇلاتىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىپ، خەلقنىڭ كۆپ خىللاشقان مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر، رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە، ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق، ئارخىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىش لازىم. تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارا تەسىرىنى ئاشۇرۇش كېرەك. جامائەت تەنتەربىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ جىسمانىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىقتىسادىي مۆجىزە يارىتىپلا قالماي، يېڭى شانلىق مەدەنىيەتنىمۇ جەزمەن يارىتالايدۇ.

«ماياك»

—گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جياۋباۋنىڭ 2010 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدىن ئېلىندى



# مەدەنىيەتنىڭ ساداسى،

# بىزنىڭ بۇرچىمىز

## ـ مەشھۇر داستانچى شاھمەمەت ئاكىنى ئەسلەيمەن

راھىلە داۋۇت

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ دۆلەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى نامزاتىغا كىرگەنلىكى، خوتەنلىك داڭلىق داستانچى شاھمەمەت ئاكىنىڭ ھەم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسى شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۆلەتتىن ئۇنىڭغا ھەر يىلى سەككىز مىڭ يۈەن بېرىلىدىغان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇددى ئۆزۈمدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن چوڭ بىر تەلەيگە ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم، مەن بۇ خۇش خەۋەرنى تېزراق شاھمەمەت ئاكىغا يەتكۈزۈپ ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلاپ ئولتۇرغان ئىدىم، خوتەنلىك يەنە بىر خەلق داستانچىسى ھېيتىز باقى ئاكىدىن تېلېفون كەلدى: «خانىم، سىلىگە قايغۇلۇق خەۋەر يەتكۈزىدىغان بولدۇم، شاھمەمەت ئاكا تۈگەپ كەتتى. ھازىر ئۆلۈم پەتىسىدىن يېنىپ سىلىگە تېلېفون ئېلىشىم.» بۇ 2009 ـ يىلى 8 ـ نويابىر ئىدى.

بۇ خەۋەردىن قاتتىق قايغۇردۇم، شاھمەمەت ئاكىغا يەتكۈزمەكچى بولغان خۇش خەۋەرنىڭ مەڭگۈلۈك قەرز سۈپىتىدە ئۆز ئىگىسىنى تاپالماسلىقى مېنى تېخىمۇ ئازابلىدى. ئۇنىڭ بۇ يىل 5 ـ ئايدا خوتەندىكى «ئىمام ئاسىم مازىرى» سەيلىسىدە «سېيىت نوچى» داستانىنى ئېيتقاندىكى ھالەتلىرى كۆز ئالدىمدىلا تۇراتتى:

ــ شاھمەمەت ئاكا يەنە باشقا داستانلىرىڭىزنىمۇ ئاڭلىساق بولاتتى،ــ دېگەنىدىم ئۇنىڭغا.

ــ قىزىم بۈگۈن ئىككى مەيدان ئېيتىپ ھېرىپ قالدىم، بۇ ئادەملەر «سېيىت نوچى»نى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، مەن سىلىگە كېيىن ئېيتىپ بېرەي، ئوبدان خاتىرىلىۋالسىلا.

مانا ئەمدى ئۇمۇ ماڭا نۇرغۇن داستانلارنى نېسىگە قالدۇرۇپ قويۇپ ئۇ دۇنياغا كەتكەنىدى.

ئادەم قايسى ئىش بىلەن شۇغۇللانسا شۇ ئىشتىكى ھېكمەت ـ قىممەتنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلىدىكەن، مەن تەتقىقات تېمىلىرىمغا مۇناسىۋەتلىك بولغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانسېرى بىھېساب بىر خەزىنىگە يېقىنلاشقاندەك تۇيغۇدا ئۇنىڭ قىممىتىنى شۇنچە چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم، لېكىن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇنى ئانچە ھېس قىلىپ كېتەلمەسلىكى مېنى ئازابلايتتى...

شاھمەمەت ئاكىنىڭ قىسقىچە ئارخىپى:

شاھمەمەت پاسارئاخۇن خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىسىدىن، كىشىلەر ئۇنى 90 نەچچە ياش

مەدەنىيەت ۋە بۇرچ

دېيىشىدۇ. ئۇ بولسا ئۆزىنى 112 ياش دەيدۇ. شاھەممەت پاسارئاخۇننىڭ ئائىلىسى داستانچىلار ئائىلىسى بولۇپ، دادىسى پاسارئاخۇن ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن داستان ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئۇلار يەنە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن باشلاپ 3 ـ ئەۋلادقىچە ئۆزلىرىدە ناھايىتى يۇقىرى بولغان راۋاب چېلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. شاھەممەت پاسارئاخۇن 12 يېشىدىن 26 يېشىغىچە دادىسىغا ئەگىشىپ، داستان ئېيتىشنى ئۆگىنىپ، 26 يېشىدىن باشلاپ مۇستەقىل ئۆزى داستان ئېيتىشقا باشلىغان. ئۇ ئەڭ دەسلەپ «ئابدۇراخمان پاشا» داستانىنى ئۆگەنگەن ھەم تونجى بولۇپ ئورۇندىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «قۇربانىنامە»، «ئىپتانامە»، «نىكاھنامە»، «ئىمامى ھۈسەيىن»، «سېيت نوچى»، «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» قاتارلىقلارنى ئېيتىشتىكى ماھارىتى، ئۆزگىچە ئىپادىلەش ۋە بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بولۇپمۇ ئۇ «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنى ۋەقەلىككە ماس ئاھاڭ، جانلىق ھەرىكەت، تەسىرلىك بايان قىلىش بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ...

شاھەممەت ئاكا زامانىۋى قاتناش قورالى تەرەققىي قىلمىغان ئەينى دەۋر شارائىتىدا پىيادە ۋە ئېشەكلىك يۈرۈپ خوتەننىڭ ھەممە يېرىدە داستان ئوقۇپ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ھەممە ناھىيە ۋە ئۆتەڭلەردە دېگۈدەك تونۇش دوست ـ بۇرادەرلىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ھەر بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بارسا شۇ يۇرت خەلقى سورۇن راسلاپ كۈتۈپ تۇراتتى. بۇنداق سورۇنلاردا ئاۋۋال مۇزىكىغا قوشاق تەڭكەش قىلاتتى، ئاندىن خەلق ناخشىلىرىدىن بىر نەچچىنى ئوقۇغاندىن كېيىن داستانىنى باشلايتتى. بۇنداق سورۇنلاردا خەلق ئاتىغانلىرىنى بېرىپ رازى قىلاتتى. بەزىدە بۇنداق سورۇنلارغا نەچچە يۈز ھەتتا نەچچە مىڭ كىشى يىغىلاتتى. گەرچە يۇرت ئاتلاپ داستان ئوقۇش جاپالىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ كەسىپكە ئىنچىكە ئىشتىياق باغلىغانلىقى ئۈچۈن كوپېراتسىيە ۋاقىتلىرىدىمۇ كىشىلەر ئەمگەك قىلىدىغان جايلاردا يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش، كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن بىر قىسىم قوشاق ۋە داستانلارنى ئوقۇغان.

شاھەممەت ئاكىنىڭ داستان ئېيتىشتىكى ئالاھىدە ماھارىتى، بىر داستانىنى كۆپ خىل ئاھاڭ بىلەن ئورۇندىشى، ئوخشاش داستانىنى ھەر قېتىم ئورۇندىغاندىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبى خەلق داستانلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپوسسىمان داستانلىرىنىڭ نەقەدەر مول‌لۇقى، ھەر قايسى پەن تۈرى بويىچە تەتقىقات قىممىتىنىڭ شۇنچە يۇقىرىلىقى، قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ساپلىقى، ئورۇنداش، ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە تۈرلۈك توسالغۇ، قىيىن شارائىتتىمۇ ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىشى ئاشۇ شاھەممەت ئاكىدەك يېتۈك داستانچىلىرىمىزنىڭ بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى، خەلق داستانچىلىقىغا بولغان ئېتىبار ھازىرلا باشلانغان ئىش ئەمەس، قىرغىزلارنىڭ ئېپوسى «ماناس»نى ئېيتىشنى بىلگىنى ئۈچۈن يۈسۈپ مامايىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يەنى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ قەدىرلىدۇق، بۇ بىر ئەندىزە، يەنە قەدىرلەشكە تېگىشلىك تىرىك كانلىرىمىز كۆپ ئىدى. شاھەممەت ئاكا ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك داستانىنى بىلىدىغانلىقىنى ساناپ بېرەلمەيدۇ، ئۇ بىر كان. شۇڭا شاھەممەت ئاكا 2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن خەلق داستانلىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋارىسى بولۇپ بېكىتىلگەن. 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن خەلق داستانلىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋارىسى بولۇپ بېكىتىلگەن. شاھەممەت ئاكا ئۆمرىدە 27 شاگىرت تەربىيەلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە خوتەندىكى چوڭ ـ كىچىك داستانچىلارنىڭ كۆپ قىسمى شاھەممەت ئاكىدىن تەلىم ئالغان.

مەن شاھەممەت ئاكىنى ئون نەچچە يىل بۇرۇنلا ئۇچراتقان ئىدىم، 1997 ـ يىلىنىڭ 5 ـ ئايلىرى خوتەندىكى مازارلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن لوپ ناھىيەسىنىڭ جىيا يېزىسىدىكى «ئىمام ئاسىم مازىرى» سەيلىسىگە يېتىپ كەلدىم. بۇ خىلدىكى مازار سەيلىسى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئېلىپ بېرىلىپ كەلگەن، ئاۋامنىڭ ئىستىخىيەلىك يىغىلىش پائالىيىتى ئىدى. ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەر پەيشەنبە نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم بۇ يەرگە يىغىلىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. مازار سەيلىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى سۇمە (قەبرە بېشى) گە بارىدىغان قۇملۇقنىڭ ئايىغىدىكى بوستانلىقتا بولاتتى. بۇ يەر ۋائىز ـ مەدداھلار، ئاشىق ـ سوپىلار، ئەلنەغمىچىلەر، چېلىشچىلار، سېركىچىلەرنىڭ ماھارەت سورۇنى ئىدى. مانا بۇ بىز غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تۈرىگە كىرگۈزۈشنى تەكىتلەۋاتقان ۋە كىرگۈزگەن قەدىمىي ئەل ئىچى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئىستىخىيەلىك ئەنئەنىۋى كۆرگەزمىسى ئىدى، مازارنىڭ سەيلە مەيدانىدا 4 ـ 5 يەردە ئادەملەر ھالقا بولۇپ توپلاشقان ئىدى. شۇ چاغلاردىن ئېسىمدە قېلىشىچە، خوتەنلىك شاھەممەت، ئوبۇلھەسەن، ھېيتىز باقى، يەكەنلىك داڭلىق مەدداھ مەرھۇم يولۋاسخان

www.uyghurkitap.com

ئاكىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ سورۇنىنى تۈزگەن ئىدى. ئادەمى كۆپ بىر توپ ئىچىگە قىسىلىپ كىردىم. بۇ شاھمەمەت ئاكىنىڭ سورۇنى ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن يۇرتىنىڭ، يۇرت ئەھلىنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئامانلىقىنى تىلىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۇئاسىغا تەڭ قول كۆتۈردى. ئاندىن ھەمراھى بىلەن دوست تارتىپ تۇرۇپ «سېيىت نوچى» داستانىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ داستانىنى راۋاب بىلەن تەڭكەش قىلىپ شۇنچىلىك ھەۋەس بىلەن ئېيتاتتى، «سېيىت نوچى» داستانىنى مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا فولكلور ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەرسلىكى ئوقۇشلۇقىدىن كۆرگەنىدىم، لېكىن كۆرگىنىم كۆز ئالدىمدىكى بۇ جانلىق ھەقىقىي «سېيىت نوچى» داستانىنىڭ تولىمۇ ئاز قىسمى ئىدى، مەن شۇ چاغدا داستانىنى تولۇق مۇساپىسىنىڭ ئۇنداق ئاددىي بىر قېتىمدا تۈگەللىنىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. ئاڭلاۋاتقانلار «سېيىت نوچى» نىڭ خۇشاللىقىغا جور بولۇپ كۈلسە، قايغۇسىغا تەڭ يىغلايتتى. ئەتراپىتىكىلەرمۇ ۋەقەلىك ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. سېيىت نوچىنىڭ پاجىئەسىگە بىر قىسىم كىشىلەر ياش تۆكەتتى. داستان تۈگىمىگىچە سورۇندىن بىرەر كىشى ئايرىلىدىغاندەك قىلمايتتى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم يېقىن تۇرۇپ بىۋاستە ھالدا خەلق داستانىنى ئاڭلىشىم بولغاچقا، باشقا پىلان ـ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمنى ئۇنتۇپ ھەيرانلىق، قىزىقىش، مەپتۇنلۇق ئارىلاشقان مۇرەككەپ تۇيغۇدا تۇرۇپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

داستان ئاڭلاش ئۇزۇن يىللار مابەينىدە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان بىر ۋاستە بولالىغان. بۇ داستانلار خەلق ئىچىدە قايتا ـ قايتا ئېيتىلىش جەريانىدا ئۆزىگە سىرلىق مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى يىغقان. بۇ يوقىلىش ئالدىدىكى ھەرخىل ئەل مىراس تەركىبلىرىنى سىنئالغۇغا تولۇق ئېلىۋېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلساممۇ، ئۇ چاغلاردا ئىقتىسادىي ئەھۋالىم تېخى سىنئالغۇ ئاپپاراتى ئېلىشىمغا يار بەرمەيتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك تاشيول ئوچاستكىسىدىكى يولداشلار ئىدارىسىنىڭ سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى ئارىيەتكە بېرىپ، بۇ قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەمما، تەييارلىۋالغان لېنتىلارنىڭ چەكلىك بولۇشى ۋە مازار سەيلىسى كۆلىمىنىڭ زور بولۇشى تۈپەيلى، ئۇ يەردىكى مول مەزمۇنلۇق «مازار سەيلىسى» پائالىيىتىنى تولۇق كۆرۈنۈشكە ئېلىشىمغا ئىمكانىيەت بولمىغان ئىدى. ۋائىز، داستانچىلارنىڭ قىسسە، داستانلىرىمۇ شۇ قېتىمقى فىلىمىمنىڭ ئىچىدىن پەقەت نەچچە مىنۇتلۇق ئورۇن ئالغان ئىدى. لېكىن، ئەنە شۇ نەچچە مىنۇتلۇق كۆرۈنۈشلەرنى ھەر كۆرگىنىمدە، شۇ ھەيۋەتلىك سورۇنلارنى تولۇقى بىلەن لېنتىغا ئېلىپ قويۇشنىڭ شۇنچە تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلاتتىم.

2005 ـ يىلى، يەنە شۇ «ئىمام ئاسىم مازىرى» سەيلىسىنىڭ قىزىغان ۋاقىتلىرى ئىدى. مەن مازار سەيلىسىگە يەنە كەلدىم. سەككىز يىلدىن بېرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەي كەلگەن مازار سەيلىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى مانا ئەمدى ئۆز ئىمكانىيىتىمنىڭ يار بېرىشىچە خاتىرىگە ئېلىۋالماقچى بولدۇم. بۇ خاتىرىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغىنى ئەلۋەتتە شاھمەمەت ئاكىنىڭ داستانلىرى ئىدى. كەڭ كەتكەن سەيلە مەيدانىدا تۈرلۈك ئويۇنلار قىزىپ كەتكەن بولۇپ، قىيقاس ـ سۈرەنلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىز ـ يىگىتلەر ئەلەڭگۈچلەردە ئېگىز ـ ئېگىز ئۇچۇشاتتى. دارۋازلارنىڭ، چېلىشچىلارنىڭ ۋە سېركچىلەرنىڭ ماھارەتلىرى كىشىلەرنى ھەيرانۇھەس قىلغان ئىدى. ئادەم يىغىلغان توپلاردىن ئىزدىدىم. ئەمما، داستان ئېيتىش سورۇنلىرىنى تاپقىلى بولمىدى. بۇ چاغدا مېنىڭ شاھمەمەت ئاكىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمنى بىلگەن بىر بوۋاي: «خانىم، شاھمەمەت ھاجىم ئاۋۇ يەردە كېتىپ بارىدۇ» دېدى.مەن بوۋاي كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىسام شاھمەمەت ئاكا راۋابىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئېغىر قەدەملىرى بىلەن كېتىپ باراتتى. كەينىدىن قوغلاپ يېتىشتىم ۋە «شاھمەمەت ئاكا، سىلىنى ئىزدەپ كەلسەم سىرتقا قاراپ ماڭدىلىغۇ» دېدىم. چىرايىدىن ئۇنىڭ خاپىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا: «داستان ئېيتارمەن دەپ ئەتىگەندىلا كەلگەنىدىم، مىنبەگلار قەيەردە سورۇن تۈزسەم شۇ يەردىن قوغلاپ ئارام بەرمىدى، مېنى ‹بۇ يەردە ئېيتما، كەت!› دەيدۇ. ئۇلارغا گەپ ئۇقتۇرغىلى بولمىدى. شۇڭا، چوڭ جامەنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقاي، ئېپى كەلسە شۇ يەردە ئېيتارمەن دەپ كېتىپ بارىمەن» دېدى. «توختىسىلا، مەن ئۇلارغا ئېيتاي، ئۇناپ قالار» دېدىم. شاھمەمەت ئاكا توختىدى. مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپتىكى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنى ئىزدەپ يۈگۈردۈم. ئاخىر ۋاقىتلىق قۇرۇۋالغان ئامانلىق ساقلاش ئىشخانىسىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. «مەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، قولۇمدا يۇقىرىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىمۇ بار، مازار سەيلىسىنى لېنتىغا ئالماقچى ئىدىم، شاھمەمەت ئاكىنىڭ داستان سورۇنىنى چوقۇم ئالمىسام بولمايتتى، ئۇنى ئېيتقىلى قويساڭلار بوپتىكەن» دېدىم. «خانىم، بۇنىڭغا بىز رۇخسەت قىلالمايمىز، بۇ ۋائىزلار ئادەمنى كۆپ توپلىۋالىدىكەن. ئۇلارنى مازار سەيلىسىدىن ھەيدىمەي بولمايدۇ.» ئۇلارغا يالۋۇرۇشنىڭمۇ كار قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىشخانىدىن ئامالسىز ياندىم. چارىسىز ھالىتىمنى كۆرۈپ شاھمەمەت ئاكا مېنىڭ گەپ ئېچىشىمنى كۈتمەيلا: «بوپتۇ قىزىم، ماڭا سورۇن تولا، چوڭ

جامەنىڭ ئالدىغا باراي» دەپ مەيۇس هالدا كېتىپ قالدى. داستانچىلىق نەچچە ئەسىر داۋاملىشىپ كەلگەن ئەل مەدەنىيىتى هادىسىسى، ئۇنىڭغا نوقۇل بوگۈننىڭ كۆزى بىلەن قاراپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايتتى، مەۋجۇت ۋە پايدىلىنىشقا، قېزىشقا تېگىشلىك مىراس ئىكەن، ئۇنداقتا داستانچىلارنى چەتكە قېقىش بىلەن ئەمەس ئۇلارنى يېتەكلەش ئارقىلىق باشقۇرسا ياخشى بولاتتى، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مازارغا چىقىدىغان قۇملۇق يول ئۈستىدە تەمبۇرنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىسمۇ، تەمبۇرنىڭ ئۇزۇن سېپى چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن چىقىپ قالغان هالدا قۇملۇق يولدىن چۇشۇپ كېلىۋاتقان داستانچى ئوبۇلهەسەن ئاكا ۋە جۇمەنۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنىڭ داستان ئېيتقىلى قويمىغانلىقىنى، ئامال يوق قاشتېشى بازىرىدىن سورۇن ئىزدەپ ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. «خانىم، بىز نېمە قىلغان بولغىيتتۇق، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇ يەردە مۇشۇ كەسىپنى قىلىپ كەپتىكەن، بۇ كۈنگە كەلگەندە داستان ئېيتماق هەجەپمۇ تەس بولدى...» دېدى ئوبۇلهەسەن ئاكا كۆزىگە ياش ئالغان هالدا. خەلق سەنئىتىنىڭ شۇنچە مۇهىملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر سورۇن هازىرلاپ بېرىشكىمۇ قۇربى يەتمىگەن بىر بىچارە فولكلورشۇناس بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئەپسۇسلاندىم، شۇنداقلا خەلقنىڭ بۇ سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش هەم ساقلاپ قېلىشنىڭ نۆۋەتتىكى تەخىرسىز خىزمەت ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. بىز يۈزلىنىۋاتقان تەرەققىيات ۋەجى ئەل ئىچىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىراسلار يوقىلىپ كېتىپ باراتتى. بۇ يوقىتىشلارنىڭ بىر قىسمى تەرەققىيات قەدىمىدىكى تاللاش يۈزلىنىشى بىلەن ئەمەس ئۇنى توسۇش، چەكلەش يولى بىلەن تېز سۈرئەتتە يوقىلىۋاتاتتى. دۆلىتىمىزدە بىردەك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەر بۇ يەردە «زىيانلىق چۆپ» دەپ يۇلۇپ تاشلىنىشقا ئاران تۇراتتى.

بىر ئەسىر بۇرۇن بۇ دىياردا چەت ئەللىكلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىزدەپ، يۆتكەپ ئېلىپ كېتىش ۋەقەلىرى بولغان. كىشىلەر «كونا نەرسىلەرنى يىغىپ، قەدىرلەپ نېمە قىلىدىغاندۇ» دەپ هەيران بولۇشقان بولسىمۇ، تەڭ يىغىشىپ بەرگەن. قېپقالغانلىرىنى بولسا بۇزۇپ، «ئوغرى»غا بېرىپ تۈگەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىزگە مەڭگۈلۈك هاقارەت ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار «ئوغرىلاپ» ئېلىپ كەتكەن مىراسلىرىمىز ساقلىنىپ قېلىپ بىزدىكىسى يوقىلىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىراسلىرىمىزدىن پەخىرلىنىپ هەم شۇ ئىزلاردىن مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. هازىر ئالتۇن دەۋردە ياشاۋاتىمىز. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن نادىر خەلق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش هەققىدە قىزىل باشلىق هۆججەتلەر چۈشمەكتە. شۇڭا كۆپلىگەن رايونلاردا ئۆز مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دۆلەتلىك مىراس تۈرىگە كىرىشىنى ساقلاپ تۇرماي ۋىلايەتلىك، ناهىيىلىك قوغداش تۈرلىرىنى بېكىتىپ قوغدىماقتا. بۇنىڭ بىلەن ناهىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك قوغداشقا كىرگۈزۈلگەن مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆپەيمەكتە. نەتىجىدە، مەدەنىيەتتە ئەۋزەل بايلىققا ئىگە ۋىلايەتتىن مەدەنىيەتتە كۈچلۈك ۋىلايەتكە ئۆتۈش نىشان قىلىنماقتا. بۇ يەردە بولسا ئەل ئىچىدىكى مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ مۇهىملىقىنى بىلىدىغانلار تولىمۇ ئازدەك قىلاتتى، ئەڭ ئېچىنارلىقى، شۇ مەدەنىيەتنىڭ يەنە شۇ مەدەنىيەت ئىگىلىرى تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنماسلىقى، ئىنكار قىلىنىشى، تاشلىۋېتىلىشى ئىدى.

ئەل ئىچىدىكى داستانلارنى ساقلاپ قېلىش، داستان ۋارىسلىرىنى يېتىلدۈرۈش، داستانلاردىكى كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت، تارىخ، تىل تەركىبلىرىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە كەسپداشلىرىم بىلەن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 2006 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە يوللىدۇق. 2007 ـ يىلى بۇ تۈر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى قىلىپ بېكىتىلدى. مۇشۇ ئاساستا يەنە بۇ تۈرنى دۆلەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرىگە يوللىدۇق. بۇ تۈرمۇ 2009 ـ يىلى تەستىقلىنىپ دۆلەتلىك قوغداش تۈرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. خەلق داستانلىرىنى قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە قىلالىغانلىقىمىزدىن هەممىمىز كۆپ خۇشال بولدۇق ۋە بۇ ئەل سەنئىتىنى ئەل ئىچىدىكى ئېيتىلىش سورۇنىدا تولۇق خاتىرىلىۋېلىش مەقسىتىدە 2009 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە شۇ «ئىمام ئاسىم مازىرى» سەيلىسىگە داخىل بولدۇق. بۇ قېتىم قولىمىزدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىدىن بېرىلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قوغداش تۈرىگە كىرگەنلىكى هەققىدىكى تەستىق ئۇقتۇرۇشى بار ئىدى. بۇ قېتىممۇ مازار سەيلىسى شۇنچە قىزىپ كېتىپتۇ. ئادەملەر توپىدىن داستان توۋلىغان تونۇش ئاۋازلارنى ئىزدىدىم. كەينىمدىن تۇيۇقسىز «خانىم يەنە كەپلادە» دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئوبۇلهەسەن ئاكا ئىدى. «بۇ يىلمۇ مانا ئېيتقۇزمىدى دېسىلە، ئۇناپ قالارمىكىن دەپ تۇرۇۋاتىمىز، سىلى بىر گەپ قىلىپ باققان بولسىلا، شاهمەمەت هاجىممۇ ئاينا ئاۋۇ يەردە تۇرۇپتۇ.» شاهمەمەت ئاكا بىزدىن يىراق بولمىغان يەردىكى دەرەخ نۆۋىدە راۋابىنى قۇچاغلاپ دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپىدا بىرمۇنچە ئادەم

شاھمەمەت داستان ئېيتىپ قالسا ئاڭلارمىز دەپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشاتتى. سەيلىگە مەسئۇل ئامانلىق ساقلاش خادىمىغا قولۇمدىكى خەتنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ كەتتىم. توغرىسى ئۇ كىشىگە داستانلارنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە دەرس ئۆتتۈم دېسەممۇ بولىدۇ. ئۇ ئاڭلاپ بولۇپ: «خانىم، دېگەنلىرىڭىز دۇرۇس. ئەمما،بىزمۇ تۈزۈمگە بويسۇنمىساق بولمايدۇ، شۇنچە يىراقتىن داستان ئاڭلايمىز دەپ كەلگەن ئىكەنلا، بوپتۇ ھازىر ئەمەس، چۈشتىن كېيىن ئېيتسۇن» دېدى. قولۇمدىكى تەستىق خېتىگە شۇنچە ئىشىنىپ كەلگەن ئىدىم. خەلق داستانلىرىنى ۋە داستانچىلارنى قوغداش ئىشى گەرچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قوللىشىغا ئېرىشسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە مەسئۇل خادىملارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ خېلى مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئۇلار مۇقىملىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت ۋەزىيەت تەقەززاسىنى ئاددىي چۈشىنىپ، ئۇنى ئەلنىڭ ئىستىخىيەلىك مەنىۋى پائالىيەت يىغىلىشلىرى ۋە ئەل سەنئەتىدىكى دىنىي، تارىخىي مەزمۇنلار بىلەن قارىمۇ قارشى قويۇۋالغاندەك قىلاتتى. گەرچە داستانچىلار ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىنى چۈشىنىپ، ھەر بىر داستاننىڭ بېشىدا پارتىيەنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىش قىلىشنى، بۈگۈنكى زاماننىڭ ياخشىلىقىنى تەكىتلەش بىلەن باشلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇلار باشقۇرغۇچىلارغا قىلچە كار قىلىدىغاندەك ئەمەس. بۇ ئەھۋال ماڭا خەلق داستانىنى قوغداشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن بۇ كىشىلەرگە خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى.

ئەل ئىچىدىكى بۇنداق ئىستىخىيەلىك يىغىلىشلاردا بىز تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مەدەنىيەت سىرلىرى بار. ئۇنى بىر بۇيرۇق بىلەن توسۇپ تۇنجۇقتۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇنى قايتا بەرپا قىلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. خەلق داستانلىرى ھازىرقى زاماندا ئىجاد قىلىنغان ئەمەس، ئۇ دەل قەدىمىيلىكى بىلەن قىممەتلىك. لېكىن، ئۇنى بۈگۈنكى كۆز بىلەن باھالاپ بىرتەرەپ قىلساق مەدەنىيەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. مەن تۆۋەنگە چۈشكەن چاغلىرىمدا قىسمەن جايلاردىكى بەزى رەھبەرلەرگە تەكشۈرۈش مۇددىئايىمنى چۈشەندۈرگىنىمدە ئۇلارنىڭ ھەيرانلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ نەزىرىدە بۇ نەرسىلەر قالاق، قىممىتى يوق ھەتتا دەرھال يوقىتىۋېتىش زۆرۈر بولغان «زىيانلىق نەرسىلەر» ئىدى. بىرەيلەن ماڭا: «بۇ نەرسىلەر بىز ئۈچۈن بىر باش ئاغرىقى، بۇنى يوقىتالمايۋاتساق، توسۇيالمايۋاتساق سىز تەكشۈرگىلى كەپسىز، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى خانىم» دېگىنى ئېسىمدە.

گەرچە چۈشتىن كېيىن داستان سورۇنى تۈزۈشكە يول قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ خەۋەر شاھمەمەت ئاكا باشلىق داستانچىلارنى خۇش قىلىۋەتتى. چۈشتىن كېيىن بولا-بولمايلا ساقلاشقا تاقىتى قالمىغان داستانچىلار ئۆز سورۇننى تۈزۈشكە باشلىدى. قېرى-ياش، ئەر-ئاياللار داستان سورۇنىغا قاراپ ئاقتى. شاھمەمەت ئاكا كىشىلەر ئاڭلاپ زېرىكمەيدىغان «سېپىت نوچى» داستانىنى ئېيتىشقا باشلىدى...

«مېنىڭ يېشىمنى سوسلا، مېنىڭ يېشىم بىيۈز ئون ئىككى ياش، بىيۈز ئون ئىككى ياشقا چىدىدىم. تايىنلىق قېرىمايتكەن، شاھمەمەتجىم قېرىمايتكەن دىيتۇ، خۇدايىم قېرىتمىدى. ھەممىلىرىنىڭ لېكىن دۇئاسىنىڭ ئۇلۇغلىقى، ھەق. گۆڭگەسىنداڭنىڭ رەھبەرلىكى، كېچە-كۈندۈز ياشاپ كەتتىم. ئەمدى مەن ئىخلاسىم بىلەن راۋىيىمنى بويىنامغا ئېسىپ، تاۋانىڭ گۈلدەك يېرىدىن چېپىپىرتىمە. ئابدان ئاڭلىسىلا ۋۇتۇ. ئاڭلىغانلى ھەسرەتتە قاسا، ئاڭلىمىغانلا توغرا دەسسەپ، ئاي قاراڭغۇسى ئۆيگە بېرىپ، پوققا دەسسىيتىلا خالى جايغا بېرىپ. مەن ئىخلاسىم بىلە چالتىمە. قەيەدىن چالتۇ شاھمەمەتجىم دېسىلە، 16 مىڭ قاشقادا دېگى چىققان، قاشقانىڭ نوچىسى، تامامى نوچىنىڭ بىرىنچىسى — سېپىت نوچىنىڭ قوشىقىدىن تۆت ئېغىز چەپ بېرىتىمە. سېپىت نوچى ئوغلىق قىلمىدى، ئەدىم ئۆتمىدى. مەكتەپكە كىيىپ ئوقىمىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىدىن، ئىلىم-بىلىم بىلمىگەنلىكىدىن ئۆلەم خېتىنى كۆتۈرەپ كەلدى. ئولتۇغانلىغا دېيتقان گەپ: بالا-ۋاقىنى ئەتىگەن-ئەتىگەن مەختەپكە ئەۋەتسەك ۋۇتۇ. مەختەپتە ئوقىمىغان ئەدەم ئۆزىنىڭ ئۆلەم خېتىنى كۆتۈرەپ كېتىۇ، سېيىت نوچىدەك. ئەمدى مەن سىلىگە سېيىت نوچىنىڭ بايانىدىن، تاۋانىڭ گۈلدەك يېرىدىن تۆت ئېغىز چەپ بېرىتىمە. قېنى ئىمانىڭلا ئەكەك، مەن نېمە دېيتىمەنكىن، يۇتىمىزنىڭ ئامان بولۇشقا، ھەق، مۇشۇ تۇغان جامائەتنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشقا ئىخلاسىم بىلەن تۆت ئېغىز. جامائەتنىڭ كۆڭلىنى بىي ئاچاي. قېنى ئىمانىڭلا ئەكەك، ئىمام ئاسىمغا دۇئا قىلغىلى كەگەن بوساڭلا، ئىمانىڭلا قۇۋۋەت تاپىتقان يەدىن تۆت ئېغىز چەپ بېرىتىمە. قېنى چىرايلىق بىر تىڭشاڭلا، مەن نېمە دېيتىمەنكىن قېنى؟

ئەي...

يىگىرمى ئالتە ياشىمدا،
كۈنلەر چۈشتى باشىمگە.
ئەرزىمنى بېرىپ ئېيتاي،
بىر تۇغقان قۇياشىمگە.
شۇ غېرىبلىق شەھەردە،

كىشى كەمەيتتۇ قاشىمگە.

توقسان توققۇز شەلەرنىڭ،
سەردارى قاشقا بۇلۇر.
قاشقادا دېگى چىققان،
سىيىت ئاخۇن گاڭگۇك تۇرۇر.
...»

بۇ داستاندا يەرلىك كۈي، شېۋە، تىل ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ئىزنا، تەپەككۇر خاسلىقى، يەرلىك پۇراق... نىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

دۇنيادىكى ھەر قانداق قوۋم ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسى ۋە مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى كۆرىكىدىكى ئورنىدا ئۆزىگە خاس يول تۇتقان بولىدۇ. ئىتالىيەلىكلەر، ياپونىيەلىكلەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە يېمەكلىك مەدەنىيىتى بىلەن ماختانسا، فرانسۇزلار، ئەنگلىيەلىكلەر قۇرۇلۇش مەدەنىيىتى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار دۇنيانى تاڭ قالدۇرغىدەك ئېسىل قۇرۇلۇشلارنى، نادىر رەسىملەرنى، دۇنيا ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك كارخانا تۇركۇمنى يەنى ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنى روياپقا چىقىرالمىغنى بىلەن، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىدىن پەرقلىق ئەل ئەدەبىيات مىراسلىرىنى، ئەل سەنئىتىنى، فولكلور بايلىقلىرىنى، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى يېتەكلەيدىغان، دۇنياغا ئىللىق نەزىرى بىلەن قارايدىغان خۇش چاقچاق خاراكتېرنى ياراتقان ئىدى. بۇ خىل خاراكتېرنى دەل بۇ ئانا ماكانىنىڭ ھېچ يەردە يوق ساپ، قەدىمىي مەدەنىيىتى يېتىلدۈرگەن ئىدى. بۇ مەدەنىيەت ئۇلارغا قانغۇچە كۈلۈۋالىدىغان، يىغلىۋالىدىغان، كىچىك باللارچە ئوينىۋالىدىغان، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىۋالىدىغان سورۇن ئاتا قىلغان ئىدى. ھەر قېتىم تەكشۈرۈشكە بېرىپ ئەل ئىچىدىكى «تىرىك مۇزېي» لارنى كۆرۈپ ئۇلاردىن كۆپرەك نەرسىلەرنى توپلىۋالاي دېگەن ئارماندا بولاتتىم، ئەپسۇس، مەن قايتا بارغۇچە ئۇلار يوق بولاتتى. خۇددى فېڭ جىسەي ئەپەندى ئېيتقاندەك: «جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش ئەل ئىچى مەدەنىيىتىدىكى يوقىتىش» ئىدى.

مەدەنىيەت تارىخىمىزدا كۆپ خىل ھۈنەر - كەسىپ ۋە يەرلىك تېخنىكىلار، ئەل سەنئىتى، ئەل ئەدەبىياتى، ئەل تەنتەربىيەسى، تېبابەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىلغار مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋە ئۇستىكارلارغا ئىگە بولۇپ كەلدۇق. ئۇلارغا تارىخ بەتلىرىدىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك مەدەنىيەت پېشۋالىرى تەختىدىن ئورۇن بېرىلمىگىنى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە داۋاملىشىش مۇساپىسىدە ئوخشاشلا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇلار يەرلىك تېخنىكا، ھۈنەر ۋە خەلق سەنئىتىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە مىللەت مەنىۋىيىتىنى، ئەخلاقىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەجدادلار ياراتقان سەرخىل تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، خەلق مەدەنىيىتىنىڭ دۇردانىلىرى شۇ خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەستە ساقلىشى ۋە ھۈنەرلىرى ئارقىلىق دەۋردىن دەۋرگە ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلگەن.

داستانچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى بۈگۈنكى كۈندە شۇ مەدەنىيەتنى قۇتقۇزۇش يولىدا تىرىشىۋاتقانلار ئۈچۈن داستاندىن ئىبارەت قىممەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ساقلىغۇچىلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر خەزىنە ئىدى. ئاشۇ قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى تاشلىنىپ كەلگەن، قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلگەن، دۆشكەلەنگەن تۇرۇپمۇ، يەنە مەدەنىيەتنى ساقلاشقا، داۋاملاشتۇرۇشقا ئۆزلىرىنى بېغىشلىغانلار ئىدى. ئۆز سەنئىتىگە بولغان مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن ئۈستۈن كەلگەن ئىدى...

داستانچى ھېيتىز باقى ئاكىنىڭ مۇنۇ سۆزى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ: «15 ياش چاغلىرىم ئىدى، ساتىراشلىقتا ھۈنەردە ئىدىم، قولۇم ئىشتا بولغىنى بىلەن قۇلىقىم بازار رەستىسىدىكى مەدداھنىڭ دەۋاتقانلىرىدا ئىدى. بەزىدە ئىشنى تاشلاپ مەدداھنىڭ كەينىدىن كېتىپ قېلىپ ئۇستامدىن تىل ئاڭلايتتىم. كېيىنچە ئاڭلىۋالغان داستانلىرىمنى ساتىراشلىق قىلغاچ خېرىدارىمغا سۆزلەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى. ئاخىرى ساتىراشلىق ھۈنىرىمنىمۇ تاشلاپ شۇ چاغدىكى داڭلىق ۋائىز ئەھمەت يالاقنى ئۇستاز تۇتۇپ مەخسۇس داستان ئېيتىشنى ئۆگەندىم. مانا ھازىر داستان ئېيتىپ يۈرگىلى 35 يىل بولۇپ قالدى.»

دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىپ مائارىپنىڭ قۇدرىتى، سېلىنمىسى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزدەك تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈۋالغىلى بولاتتى، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەل ئىچىدىكى سەنئەتكارلارنى مەڭگۈلۈك تاپقىلى بولماي قالاتتى. ئۇلار نەچچە يۈز يىللىق مىراسنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبىرى بولغان مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋارىسى تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى لېنتىغا ئېلىۋېلىشقا مۇتەخەسسىسلەرنى ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، ھازىر بىز ماختىنىپ يۈرگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ساقلىنىپ قالمىغان بولاتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا سولچىل ئىدىيەنىڭ كاساپىتىدىن نۇرغۇن ئەل مىراسلىرى يوقىتىلدى،

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى كۆلپەتلىك يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يېڭى دەۋرگە ئۇلاشقان خەلق سەنئىتى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەمدە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ قېرىپ كېتىشى، يېڭى ۋارىسلارنىڭ يېتىشىپ چىقمىغانلىقى سەۋەبىدىن بارغانچە يوقىلىشقا ياكى سۇسلىشىشقا قاراپ ماڭماقتا. بۇرۇن بەزى بازارلاردا داستان ئېيتىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە چىراغ يېقىپ ئىزدىگۈدەك ھالەتكە يەتتۇق. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوندىن خەلق مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن تۇرلۇك شارائىتلار يارىتىلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئەۋزەل پەيتتە، دىيارىمىزدا خەلق سەنئەتكارلىرى، بولۇپمۇ خەلق داستانچىلىرىنى شۇ يەردىكى باشلىقلار بىزگە ئوخشاش مەخسۇس تەتقىقات خادىملىرى ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىدە ئاندىن ئېسىگە ئالماقتا. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تىزىملىكىگە كىرگەن مۇقامدىن باشقا بىر قىسىم تۇرلەرنىڭ بەزى جايلاردا ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى يەنىلا شەكلەن ھالەتتە تۇرماقتا. شۇنچە قالايمىقان، دەھشەتلىك يىللاردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، بۈگۈنكىدەك ئالتۇن دەۋردە بۇ مىراسلاردىن ئايرىلىپ قالساق، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزەلمىسەك، بۇ بىزنىڭ بولۇمسىزلىقىمىزنىڭ، بىپەرۋالىقىمىزنىڭ پاكىتى بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنى قوغداش ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، تىپ دەرىجىسىدە ئاغىنە ھەرىكەت بىلەن كۆپايىلىنىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ كونكرېت ئىزچىل ئەمەلىي ھەرىكەت. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىقىغا ئىگە بولۇشى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاش ۋە قوغداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئۈچ توپلام» (خەلق چۆچەكلىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرى، خەلق قوشاقلىرى) خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن خەلق سەنئەتكارلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىبارغا ئېرىشتى. ئەمما، «ئۈچ توپلام» خىزمىتىدىن كېيىن قىسمەن جايلاردا خەلق سەنئەتكارلىرى يەنە ئۇنتۇلدى. ئەمەلىيەتتە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش سىياسىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئۇلار يەنە ئېتىبارغا ئېلىنىشقا باشلىدى...

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا دۆلەتنىڭ سىياسەت - تەدبىرلىرى مۇھىم رول ئوينىغاندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىگىلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىنى تونۇشى، ئەتىۋارلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا بولۇشى ناھايىتى مۇھىم.

ھازىر بەزى جايلاردا سىرتتىن كەلگەن مېھمانلار يەرلىك خەلق سەنئىتىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغاندا، بۇ سەنئەتكارلارنى دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان يەرلىرىدىن چاقىرىپ كېلىدىغان، يەرلىك سەنئەت مىراسلىرىنى نامايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ھەق بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا قورسىقىنىڭ ئاچ - توقلۇقى بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان، چاقىرىپ كېلىشتە ماشىنا بىلەن، قايتىشىدا پىيادە يولغا سېلىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى، قەدىر - قىممىتى ئېچكىرى ئۆلكىلەردە، چەت ئەللەردە تونۇشتۇرۇش، ئويۇن قويۇش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە...

مەدىلى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاز قېلىۋاتقان، قىممىتى زور بولغان ئەل ئىچى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان سەنئەتكارلارنى تاللىشىش دۇنياۋى ھادىسە. مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىيەنشېڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «بىزدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نام بەرگەن 30 نەپەر ئەل ھۈنەر - سەنئەت پېشۋاسى بار ئىدى. ئامېرىكىلىقلار ‹ئەگەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نام بەرگەن جۇڭگولۇق ھۈنەر - كەسىپ ۋە سەنئەت پېشۋالىرى ئامېرىكىغا بېرىشنى خالىسا ھېچقانداق شەرت قويماي ئامېرىكا گىرازدانلىقىنى بېرىمىز› دەپ ئۇلارنى ئامېرىكىغا قىزىقتۇردى. جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نام بەرگەن 600 گە يېقىن خەلق ھۈنەر - سەنئەتچىسى بار ئىدى. بۇ كىشىلەرمۇ ئامېرىكىغا بارماقچى بولسا، پاسپورتى بولسىلا ۋىزىسىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنمىدى. مانا ھازىر بىزنىڭ يۈزدىن ئارتۇق خەلق سەنئەتكارىمىز ئامېرىكىلىق بولۇپ كەتتى. گەرچە بۇ سەنئەتكارلار يەنىلا ئۆز دۆلىتىنى سۆيسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئۆزگەردى. ئەمدى ئۇلار ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتكە سادىق بولۇپ شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئاغزاكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھايات ئىنساننىڭ تېنىدە، قولىدا ھەم خاتىرىسىدە ساقلانغان. بۇنى ساقلىغۇچىلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۆز ھۈنەر - ماھارىتىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. ناۋادا، ئۇلار باشقا دۆلەتنىڭ گىرازدانىغا ئايلىنىپ كەتسە، بۇ مىراسلار دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسى بولماي قالىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بېكىتىش بىلەن بىللە شۇ خىل ماھارەتنى ئىگىلىگەن مەدەنىيەت ۋارىسلىرىنى ئوبدان قوغدىشىمىز كېرەك. قوغداش سۆزىنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيمىز - يۇ، ھەقىقىي ئەمەلىي تەدبىرلىرىمىز ئاز بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆزىدە ئاجايىپ ھۈنەر - ماھارەتلەرنى ھازىرلىغان ئەل سەنئەتكارلىرىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلارنى تۆۋەن كۆرمەسلىكىمىز، كەمسىتمەسلىكىمىز لازىم. ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى، ھۈنىرىنى، ئۆزىنى ئۆز زېمىنىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇشىمىز، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جۇڭگودا قالدۇرۇشىمىز، ئۇلارنى سىرتقا ئاققۇزۇۋەتمەسلىكىمىز تولىمۇ زۆرۈر.»

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ خىل مەدەنىيەتنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋارىسلارنى يەنى ئەل سەنئەتكارلىرىنى قوغداش كېرەك. «ھەر مىللەتنىڭ نادىر مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سانلىق خەلق ناخشىچىلىرى ۋە ھېكايىچىلىرىنىڭ ئېسىدە ساقلانماقتا. بۇ سەنئەتكارلارنىڭ كۆپ قىسمى قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئۇلارنىڭ سانىمۇ بارغانچە ئازايماقتا. بىر خەلق ئاغزاكى سەنئەتكاردىن ئايرىلىش ئەمەلىيەتتە بىر مىللەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مەڭگۈلۈك يوقۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نادىر خەلق ئاغزاكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش ھازىرقى ئەڭ تەخىرسىز خىزمەتتۇر.» *

ئاپتونوم رايونىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلق مۇقامچىلىرى، ناخشىچىلىرىنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم داڭلىق سەنئەتكارلارنى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، يەرلىكتە مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش مەركەزلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز سەنئىتىنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ۋە سورۇن يارىتىپ بەردى. ئەمما، ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە نادىر خەلق سەنئىتى ھېسابلانغان خەلق داستانلىرىنى ئېيتقۇچىلارنىڭ تەقدىرى بەزى رايونلاردا بولسا ئوڭدىن كەلمىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم داستانچىلار ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن يەرلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئاز ـ تولا ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. خەلق سەنئەتكارلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. بىراق، ھەممىدىن مۇھىمى ئۇلارغا نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلۈش، يېتەكلەش، باشقۇرۇش شەكلىدىكى ئۆز تەسىرىمىز دائىرىسىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك، شاھمەمەت ئاكا ئۆزىنىڭ داستان ئېيتىشتىكى ماھارىتى بىلەن دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ياكى ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ باشلاپ كېلىشى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكە ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شاھمەمەت ئاكا ئۆزىگە تەڭ جور بولۇشۇپ، تەڭ قىياس سېلىپ، تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلۈشۈپ بېرىدىغان ئىخلاسمەن تىڭشىغۇچىلىرى بولمىسىمۇ، دەخلى ـ تەرۈزسىز داستان ئېيتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىغا كۆپ شۈكۈر قىلاتتى ھەم ئېيتقان داستانىنىڭ ھۆرمىتىگە مېھمانلار بەرگەن مەلۇم ھەققىمۇ ئېرىشىپ قالاتتى. بۇ ئۇنىڭ سىرتلاردا قېچىپ يۈرۈپ داستان ئېيتقىنىدىن، ھەتتا، داستان ئېيتىش سەۋەبىدىن جەرىمانە تۆلەش، سولىنىپ قېلىشلىرىدىن مىڭ ياخشى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا سىرتتىكى سورۇننى، ئۆز تىڭشىغۇچىلىرىنى ئەلا بىلەتتى. ئادەم كۆپ يىغىلىشىدىغان ئورۇنلار يەنى مازار سەيلىلىرى، يەرلىك بازار رەستىلىرى، جامە ئالدىلىرىنى سېغىناتتى. خەلق سەنئەتكارلىرى ئەنە شۇ سورۇنلاردىن سىقىپ چىقىرىلىش، ھەر خىل نامۇۋاپىق مۇئامىلىلەرگە ئۇچراش سەۋەبىدىن بارا ـ بارا ئۆز سەنئىتىنى تاشلاپ، باشقا كەسىپلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مەجبۇر بولغان. ئېيتىدىغان سورۇن تاپالمىغانلىقتىن سەنئىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، تاۋلاش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغان. بۇ ھال داستان سەنئىتىنىڭ سىجىل داۋاملىشىشى ۋە داستان ۋارىسلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى توسۇپ قويغان.

خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قانداق بىر تۈرى تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ھەر دەۋرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماڭغان بولىدۇ. بەزىلىرى پەيدا بولۇشىدىلا مەلۇم ئېتىقاد بىلەن باغلانغان بولىدۇ. بىز بۇ ئەسەرلەرگە بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىپ قالغان قىسمەن خۇراپاتلىقلار تۈپەيلى ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەك خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسچانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالىمىز. شۇڭا خەلق مەدەنىيىتىگە مۇئامىلە قىلغاندا ئىلمىي، يىراقنى كۆرەر ۋە كەڭ قورساق پوزىتسىيەدە بولغىنىمىز مۇۋاپىق. خەلق داستانلىرىدىن جەڭنامىلەر ۋە دىنىي قىسسەلەرنىڭ ئۆزىدىكى دىنىي مەزمۇنلىرى ۋەجىدىن سىقىپ چىقىرىشقا ئۇچراش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر. خەلق داستانلىرى ئىچىدىكى يۇقىرىقى تۈر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد تارىخى، تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ماتېرىيالدۇر. شۇنداقلا، خەلقنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىنى تىكلىشىدە، ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى بىلىشىدە ئۆزىگە خاس رولغا ئىگە.

خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ۋە داستان ئېيتىش ئەركىنلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئەتىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۇلارنى

[*] «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى 2 ـ قېتىملىق خىزمەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» دىكى «جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى توپلىمى خىزمەت قوللانمىسى»نىڭ 9 ـ بېتىگە قارالسۇن. جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمىنى تۈزۈش ئىشخانىسى تۈزگەن، 1987 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.

جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 2007-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق داستانلىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا قۇمۇلدىن ئىبراھىم ياقۇپ، خوتەندىكى داستانچىلاردىن قاراقاشلىق ئوبۇلھەسەن ئاكا ۋە جۇمەنۇرلار تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، يىغىن سەھنىسىدە قازاق، موڭغۇل، قىرغىز داستانچىلىرى بىلەن بىر قاتاردا يىغىن ئەھلىگە ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئوبۇلھەسەن ئاكا شۇ يىغىننىڭ تەسىراتىنى سۆزلەپ: «خانىم، شۇ يىغىنغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالىمدا باشقىچە ئۆزگىرىش بولدى، ئاپتونوم رايوندىن ئوبۇلھەسەننى چاقىرتىپتۇ دەپ ئەتراپىمدىكىلەر ھەۋەس بىلەن قاراشتى، قارىمىنىڭ كىنىشكىسى بار دەپ بازار كۈنلىرى داستان ئېيتسامۇ ئانچە ئاۋارە قىلىپ كەتمەيدىغان بولدى. مۇمكىن بولسا ئاشۇنداق يىغىندىن جىقراق ئېچىپ بىزنى چاقىرتىپ تۇرسا ياخشى بولاتتىكەن.»

خوتەن ناھىيەسىدىن داستانچى ھېيتىز باقى ئاكىمۇ ماڭا: «ئاڭلىسام ئوبۇلھەسەن ئاكىنىڭ كىنىشكىسى بار ئىكەن. شۇڭا، ئۇنى قوغلاپ ئاۋارە قىلماسىمىش، ئاشۇنداق كىنىشكىدىن ماڭىمۇ بىرەرنى ھەل قىلىپ بەرگىلى بولارمۇ؟ ئىككى بالام بار، يېرىم يوق، داستان ئېيتىپ تىرىكچىلىك قىلىمەن، تېخى يېقىندىلا ئېيتىما دېسەم ئېيتتىڭ دەپ شاھەممەت ئاكا بىلەن ئىككىمىزنى سولاپ قويۇشتى، 25 كوي پۇل تۆلەپ ئەتىسى يېنىپ چىقتۇق، مېنىڭمۇ كىنىشكەم بولسا قورقماي ئېيتقان بولسام» دېگەنىدى.

خەلق داستانلىرى جەمئىيەتتە ئورۇنلىنىش سورۇنىغا، داستانچىلار ئىجتىمائىي ئورۇنغا، ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن قوغداشقا ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا نائىل بولالايدۇ، جۈملىدىن يېڭى ۋارىسلار يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە، قۇمۇلنىڭ خەلق سەنئەتكارلىرىنى قوغداش تەدبىرلىرى بىزگە ئۈلگە بولالايدۇ. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئۆزىگە خاس چارە-تەدبىرلىرى ۋە بۇ جەھەتتە سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكى بىلەن خېلى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھەم بۇ خىل ھالەت ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان. داستانچىلار كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ داستان ئېيتىدىغان ھالەت ئاخىرلىشىپ، داستان ئېيتىش مەشرەپ يىغىلىشى ۋە ئەل سەنئىتى كۆرەكلىرىدىن ئورۇن ئالغان، ئۇلار ھەتتا يۇرت ئەتىۋارلىرىغا ئايلانغان. مەسىلەن، قۇمۇللۇق خەلق داستانچىسى ئىبراھىم ياقۇپ بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئىبراھىم ياقۇپ 1973-يىلى 10-ئايدا قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى چاشقانتۇر كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ تۇغما ئەما بولۇپ، كىچىكىدىن خەلق مۇقاملىرى ۋە داستانلىرىغا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ 1990-يىللاردىن باشلاپ ۋىلايەت ۋە راھەتباغ يېزىسى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن مۇقامچىلارنى تەربىيەلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىش، ھايات سەنئەتكارلاردىن ھەم ئۇلارنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق قۇمۇلدىكى داڭلىق ياش مۇقامچى ۋە داستانچىغا ئايلانغان. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىشخانىسى ئۇنىڭ ئۆز ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ۋە شاگىرت تەربىيەلىشىگە خېلىلا تولۇق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ ھازىر قۇمۇلنىڭ «ياچبەگ»، «ئۆمەر باتۇر»، «تۆمۈر خەلپە»، «ئىسلام بېگىم» قاتارلىق يەرلىك داستانلىرىنى ھەمدە «يۈسۈپ ئەھمەد»، «سەنۇبەر» قاتارلىق داستانلارنى پىششىق بىلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى خەلق داستانلىرىنى ئەڭ كۆپ ئېيتالايدىغان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. قۇمۇل خەلقىمۇ ئىبراھىم ياقۇپنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭ تويى بولغاندا ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئاۋام خەلقىچە مەرىكىگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن زالغا پېتىشماي قالغان. ھەتتا ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ بىر يۈرۈش ئۆي بەرگەن. بۇ بەزى رايونلاردا داستانچىلاردىن خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىدىن قاچقاندەك قېچىش ھالىتىگە روشەن سېلىشتۇرما، مانا بۇ سەنئەتكارنىڭ ھۆرمىتى، ئۇنىڭ ئەزىزلىنىشى ئىدى.

خەلق مەدەنىيىتى پەقەت شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىگىلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداش ئېڭى، قوغداش ئىقتىدارى ۋە ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ساقلىنىدۇ، ھاياتىي كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ. خەلق داستانلىرىنى قوغداش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە خەلق داستانچىلىرىنى ئورۇنداش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشتەك قىلمىشلارنىڭ يەنە مەۋجۇت بولۇشى ھەممىمىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك. شۇڭا ئالدى بىلەن خەلق داستانچىلىرىغا ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئۆز سەنئىتىنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇشىمىز، خەلق داستانلىرىنىڭ ئورۇنداش ھوقۇقىنى قانۇنلاشتۇرۇشىمىز زۆرۈر. خەلق سەنئىتىنى قوغداش قانۇنلاشمىسا، ئۇنى قوغدايمىز دېيىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

خەلق داستانلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. پەقەت خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى بولۇپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشى بولمىسا قوغداش مەقسىتىگە

www.uyghurkitap.com

يەتكىلى بولمايدۇ. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىقتىسادنى تۇتۇشقىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدەنىيەتكە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان قارىشى توغرا بولمىسا، شۈبھىسىزكى، شۇ رايوندىكى خەلق مەدەنىيىتى تەدرىجىي ھالدا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەت بىر ـ بىرىگە قارشى نەرسە ئەمەس. ھازىر مەدەنىيەتكە كۆڭۈل بۆلگەن رايونلار ئىقتىسادتا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. يۈننەن ۋە خۇنەننى ئېلىپ ئېيتايلى، 2000 ـ يىلىدىن بۇرۇن يۈننەن ۋە خۇنەن ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلار ئىدى. ئۇلار چوڭ مەدەنىيەت ئۆلكىسى بولۇشنى نىشان قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يېقىندىن بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ئىگىلىكى ۋە ساياھەتتىن كىرگەن كىرىم، ئۆز رايونىنىڭ ئەۋزەل ئىقتىسادى، يېڭى، كۈچلۈك تۈرلىرى بىلەن باي ئۆلكىگە ئايلاندى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەل ئىچى مەدەنىيەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ ئۆزى شىنجاڭغا نىسبەتەن مۇھىم ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكتۇر.

مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق ئەڭ ئېسىل كۈچ. ھەركىم پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى سۆيگەندىلا ئاندىن ئۇنى ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ سەنئىتىنى مەنسىتمەيدىغان، ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدىغان ياشلىرىمىزمۇ نۇرغۇن. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرى ياكى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ سەنئىتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىپ قەدىرلەنسە، ئۆز سەنئىتىدىن ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە بولسا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭمۇ شۇ سەنئەتكە بولغان كۆز قارىشى ئۆزگىرىدۇ. دولان سەنئىتى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. دولان مۇقامچىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ كۆپ ۋاقتى مەشرەپلەردە نەغمە قىلىش بىلەن ئۆتكەچكە يەر تېرىشقا ياكى ئوقەت قىلىشقا ۋاقتى يوق، تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتى. كەمبەغەللىك تۈپەيلىدىن ۋە ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ باللىرىمۇ كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا، مۇقامچىلارنىڭ باللىرى ئۆز ئاتا ياكى ئانىلىرىنىڭ سەنئىتىنى ئۆگىنىشنى خالىمايتتى. دۆلەت مۇقام سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ دولان مۇقامچىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاتاققا ئېرىشكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ مۇقام ئۆگەنمەكتە. شۇڭلاشقا، بىرىنچىدىن، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، زىيالىيلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاۋاز قوشۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىرلەشكەندىلا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ھەقىقىي قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىز مەدەنىيەتنى ئەڭ ئاساسلىق ۋاستە قىلىدۇ. بۇ مەدەنىيەت تىلىمىز، يېزىقىمىز، ئەدەبىياتىمىز، سەنئىتىمىز، ئېتىقادىمىز، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمىكىمىز، ھۈنەر ـ بىلىملىرىمىز، ئەخلاق ۋە تۇرمۇش قارىشىمىز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدا شاللىنىش ۋە تاللىنىش ئارقىلىق مۇكەممەللىشىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. ئەگەر بۇ مىراس مەدەنىيەتلەر يوقالسا مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى يوقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ روھى ئاجىزلايدۇ، مىللىي كىملىك ۋە بىرلىك يوقىلىدۇ. شۇڭا، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلايمەن دەيدىكەنمىز، مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىنى ساقلاشتا ۋە سىجىل داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقىمىز. خەلق سەنئىتى ئۆتمۈشتە خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ كەلگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا خەلق پەخىرلىنىدىغان مەدەنىيەت ھاسىلاتىدۇر.

خەلق داستانچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى سەنئەتكارلىرى يېزا مەھەللە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم كۈچلەردىن بولۇپلا قالماي، ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قېلىپلاشتۇرۇش، دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈش، تۇرمۇش رىتىمىنى تەڭشەش قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەڭشىگۈچىسى بولۇپ كەلگەن. بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز، تىنچلىقپەرۋەرلىكىمىز، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز... ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق مەدەنىيىتىنىڭ تەربىيەۋى رولىنىڭ مەھسۇلى.

مەدەنىيەت بىزنىڭ بايلىقىمىز. ئىشىنىمىزكى، دۆلەت يارىتىپ بەرگەن ياخشى پۇرسەت ۋە سىياسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خوجايىنلىق كىملىكىمىز ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن خەلق مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئىلغار تەركىبلەرنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىگە تەڭ ئاتلىنىش — بىزگە تېگىشلىك نەپ بېرىدۇ.

ماقالىنى ئەمدىلا تۈگىتىپ تۇرۇشۇم ئىدى، تېلېفون جىرىڭلىدى، خوتەندىن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى: «خانىم بۇ يىلقى ‹ئىمام ئاسىم سەيلىسى›دە بىزنى تۇساپ ئاۋارە قىلمىدى، بىمالال داستان ئېيتىۋاتىمىز، كېلىپ ئاڭلاپ كەتسىلە...» بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزۈم يەنە ياشقا تولدى...

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، فولكلور پەنلىرى دوكتورى



# ۋاڭ مېڭنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

مۇھەممەتقازى ئەيسا

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان مۇتىۋەر يازغۇچى، مەشھۇر مەدەنىيەتشۇناس. ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن يۇكسەك ئابرۇيلۇق جامائەت ئەربابى. ئۇ ئون مىليون خەتتىن ئارتۇق بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلىرى دۇنيادىكى 22 مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ 1956 - يىلى «تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش يىگىت» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ ئەدەبىيات ساھەسىدە زور زىلزىلە قوزغىغان. شۇ سەۋەبتىن 1958 - يىلى «ئوڭچى» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ تاكى 1962 - يىلغىچە بېيجىڭ شەھەر ئەتراپىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان. 1963 - يىلى ئىلىغا ئەۋەتىلگەن. ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن موللىتوختىيۇزى ۋە باياندايى يېزىلىرىدا ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلغان. 1971 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئۇيغۇر تىلى تەرجىمانى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979- يىلى بېيجىڭغا قايتىپ كەسپىي يازغۇچى بولغان. 1986- يىلدىن 1989 - يىلغىچە دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدە ئىشلىگەن 16 يىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاق پەزىلىتى، توغرا كىشىلىك قارىشى، ئىرىشچانلىقى، ئۇمىدۋارلىقى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشى ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلىنى «2 - يۇرتۇم»، ئۇيغۇر تىلىنى «2 - ئانا تىلىم» دەپ يۇكسەك ئىپتىخار بىلەن مەدھىيىلىگەن. ئۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تېما قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى «ئىلىدا» ناملىق چاتما ھېكايىلىرىدا سەھرالىق دانىشمەن مۇمىن بوۋاي، «قىزغىن، سەممىي، ئەمما بىر ئاز زاڭراق» بالا مالىك، يېزىغا قايتقان زىيالىي ياش مەمەت ئەمەت قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئىنچىكە سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئاجايىپ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرگەن. بۇ ھەقتە ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شائىر رەخىم قاسىم ئەپەندى مۇنداق دېگەن:

«ۋاڭ مېڭ ئىلىدىكى دېھقانلارنى ئاجايىپ جانلىق، ئاجايىپ كاتتا يېزىۋەتتى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان دېھقانلارنىڭ ئوبرازى، دېھقانلارنىڭ تىلى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى يېزىش بىلەن شۆھرەت قازاندى...» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

www.uyghurkitap.com

«بىر خەنزۇ يازغۇچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى يېزىپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇشۇنچىۋالا ئالقىشقا ئېرىشىپ كېتەلىشى ئۇنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى چۈشىنەلىگەنلىكىدە.» [1]

ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ «مېنىڭ ھايات پەلسەپەم» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن «مېنىڭ يەنە بىر تىلىم» ناملىق ئەسىرىدە (بۇ ئەسەر شۆھرەت مۇھەممىدى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ـــ ئا) ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيەتلىرى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە قىزغىن پوزىتسىيە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

«مەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، ھەر دائىم ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ مەقسەتلىرىنى ئۆز تىلىدا شۇنچىلىك راۋان، شۇنچىلىك بىمالال سۆزلەشكەنلىرىنى كۆرۈپ مەستلىكىم كېلىدۇ. مەن ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەش پۇرستىنى قولدىن بەرمەيمەن. چۈنكى داۋاملىق مەشىق قىلىپ تۇرمىغاندا ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى مەن ئۇيغۇر تىلىنى كۆز ـ كۆز قىلىش پۇرستىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايمەن. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىسەم روھلىنىپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، تېتىكلىشىپ كېتىمەن. ئۇ بىر خىل تىل، بىر خىل قورال بولۇپلا قالماي، بىر خىل مەدەنىيەت، بىر خىل جانلىق كىشلەر توپى تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ھۇزۇردۇر. ئۇ بىر خىل ئاجايىپ مەنزىرە، شۇنداقلا بىر خىل بەدىئىي مەنزىرە. ئۇ دۇنيانىڭ ئاجايىپ بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مېنىڭ بىر مەزگىللىك مەڭگۈ ئۇنتۇلماس سەرگۈزەشتىلىرىم. مېنىڭ بىر تۈركۈم دوستلىرىمنىڭ ھىجران قايغۇسى ۋە ۋىسال شادلىقى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ يۈرىكى.»

بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن، تەھلىل ۋە پەلسەپىۋى ھۆكۈملەردىن ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزى ئۆگەنگەن ئۇيغۇر تىلىغا بولغان قىزىقىشىنىڭ شۇنچە كۈچلۈكلۈكى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ شۇنچە چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىيىتى، خاراكتېرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەھلىللەرنىڭ شۇنچە چوڭقۇرلۇقىنى، ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈملەرنىڭ شۇنچە پەلسەپىۋى ھەم ئەمەلىيەتچىل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن بولغان تاۋۇش پەرقى، گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى، مۇرەككەپلىكى، ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ قىيىنلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي يەنە «ۋەھالەنكى بۇ تىل مەيلىمنى شۇنچە تارتىدۇ، مېنى شۇنچە مەھلىيا قىلىدۇ» دەپ يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىغا بولغان چىن، سەمىمىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر تىل شۇ تىلنى قوللانغۇچى ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ شەكىللىنىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا شۇ تىلنى قوللانغۇچى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئىرادىسى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ھەرىكەت شەكىللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مىللىي خاسلىقى شۇ تىلنىڭ ھەر بىر ھۇجەيرىسىگىچە، يەنى ھەر بىر تاۋۇش، بوغۇم، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن شەكىللىرىگىچە، ھەر بىر سۆز ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارغىچە ھەمدە ئۇلارنىڭ سۆزلەرنى ياساش ياكى تۈرلەش ئۇسۇللىرىغىچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ۋاڭ مېڭ ئەپەندى «مېنىڭ يەنە بىر تىلىم» ناملىق مەزكۇر ئەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كونكرېت ئالاقىلىشىش جەريانلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن يۇقىرىقىدەك مىللىي خاسلىقنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ مۇلاھىزە قىلغان. مۇئەللىپ بۇ ھەقتە «مېنىڭ يەنە بىر تىلىم» ناملىق ئەسىرىدە يەنە مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن:

«بۇ تىل ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بارلىق ئۇيغۇرلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. بۇ تىل تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، ئىلى ۋە قارا شەھەرنىڭ ئېتى، يېڭىسارنىڭ پىچىقى، قەشقەرنىڭ ھېيتگاھ ۋە ئىپارخان مەقبەرىسى، خوتەننىڭ قاشتېشى ۋە گىلىمى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن... مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك، ياڭراق ئاۋازىغا، ئويناق تەلەپپۇزىغا، ئۆزگىچە ئىپادىلەش تەرتىپىگە زوقلىنىمەن، بىكار بولسالا رادىيونى ئېچىپ قويۇپ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى ئاڭلايمەن.»

يۇقىرىقى مۇلاھىزىدە مۇئەللىپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن چوڭقۇر مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز شەكلىدىكى جەلپكارلىقنى، تەلەپپۇز تەرتىپىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى سەمىمىي زوقمەنلىك بىلەن ماختىغان. ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بولمىغان بىر كىشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى شۇنچە ياخشى ئۆگىنىش، ئۆگەنگەندىمۇ ئۇيغۇر

مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە ئېنىق بىلىش ھەمدە ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بولمىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇنداق ئىش پەقەت ۋاڭ مىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت ئېڭى كۈچلۈك، ساپ گۈزەللىك تۇيغۇسىغا، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە ئۇمىدۋارلىققا ئىگە كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ۋاڭ مىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ۋە چىن سەممىي مۇھەببىتى قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىنسانىي روھ، شۇنداقلا يۈكسەك مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيەدۇر. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئېسىل تەتقىقاتلىرى، كۆز قاراشلىرى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى ئېسىل نامايەندىدۇر. ۋاڭ مىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ خىل نەتىجىلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلىغا بولغان يۈكسەك قىزىقىش روھى بىزنىڭ ئانا تىلىغا بولغان ئىخلاسىمىزنى كۈچەيتىش، دۆلەت تىلى ۋە باشقا ئىلغار تىللارنى ئۆگىنىش ئىرىنچاكلىقىمىزنى يوقىرى كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك مەنىۋى ئېنېرگىيە ھېسابلىنىدۇ.

ۋاڭ مىڭ ئەپەندى ئۆزىنى شۇنچە جەلپ قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى زادىلا توختىتىپ قويمىغان. ئۇ شىنجاڭدىن بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىنمۇ ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ تۇرغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» ناملىق ئەسىرى ئەنە شۇنداق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئاپتور بۇ ئەسىرىنى شىنجاڭدىن بېيجىڭغا قايتىپ 10 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، سېھرىي كۈچىنى مەڭگۈ يوقاتمايدىغان، قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»، «ئانارگۈل» قاتارلىقلارنىڭ ئەينى چاغدا قەلبىدە پەيدا قىلغان چوڭقۇر تەسىراتى ئاساسىدا يازغان. ئۇنىڭ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم»، «ئانارگۈل» قاتارلىق كىچىك نەسرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى تەسىرات ۋە چۈشەنچىلىرى ئاشۇ ناخشىلار ھەققىدىكى ئاددىيلا تەسىرات بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قاتلاملىرى ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى سېھرىي كۈچى ھەققىدە ئېلىپ بارغان چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇپەسسەل ھەم ھەققانىي باھادۇر.

ۋاڭ مىڭ ئەپەندى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ناملىق ناخشا ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدىكى باشقا ناخشىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ چەكسىز، بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ يوقتەك ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھېسسىيات ئۇنىڭغا باغلانغان بولۇپ، ئاڭلىغان ھامان سىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى. مەن شۇندىن ئېتىبارەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم، غۇلجىدىكى ئۆيۈمدە كېچىلىرى دائىم دېگۈدەك «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشا قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. ناخشا ئېيتىۋاتقان مەستمىدۇ؟ ياكى كېچىدە يول يۈرگۈچىمىدۇ؟ ۋە ياكى يۇلتۇزلۇق كېچىدە كېتىۋاتقان كىشىمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك ھېسسىيات بىلەن ئېيتاتتى. غېرىبلىق باسقان سوغۇق كېچىلەردە ئۇلار ناخشىسى ئارقىلىق «قارا كۆز» قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى، رومانتىك ئارزۇسىنى ئىپادىلەيتتى. تۇرمۇش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، بەزىدە ئىنتايىن مەنىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ناخشىسىدىن شۇنچە قىزغىن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى...

ھەر بىر مىسرانىڭ ئاخىرقى ئاھاڭى ئۆزگىچە بولۇپ، مەن ھەرقانچە ئەگىشىپ ئېيتساممۇ، غىڭشىسامىمۇ يەنىلا ئاشۇ خىل قىزغىن ھېسسىيات، بىپايان غېرىبلىققا ئەگىشەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.»[3]

ۋاڭ مىڭ ئەپەندىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇنداق سەممىي ھېسسىياتىنىڭ، بۇنداق چوڭقۇر ئېتىقادىنىڭ قىممىتى چەكسىزدۇر. بۇنداق قىممەتلىك ئىنسانىي روھ ۋە سەممىي ھېسسىيات ئالدىدا ئۆزلۈك ئېڭى ئاجىزلاپ كەتكەن، شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە گۈزەل مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغان، ئۇنى ھەققىي قەدىرلىمەيدىغان، قوغدىمايدىغان، ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كويىدا بولمايدىغان، غەيرىي ئۇسلۇبتىكى ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىش ۋە ئاڭلاشقا «ئىشتىراك»قىلىدىغان بىر تۈركۈم نادان مۇخلىسلارنىڭ ئاتالمىش ئىجادچانلىق، سەنئەتخۇمارلىقلىرى، ئۆزى ھەجىيىپ ئۆزى ماختاشلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ۋاڭ مىڭ ئەپەندىنىڭ قەلبىدىن چىققان قىممەتلىك ھېسسىيات ئۆزلۈك ئېڭى كۈچلۈك، ئۆز مەدەنىيىتىنى چۈشىنىدىغان ۋە سۆيىدىغان كىشىلەرگە تېخىمۇ زور ئىپتىخارلىق ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۆزىنى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھەقداسى ھېسابلايدىغان ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسى ۋاڭ مىڭ ئەپەندىنىڭ يۈكسەك كەسپىي ئەخلاقىغا، باي، گۈزەل

پەزىلىتىگە، ئىچىۋېتىلگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىغا ئايرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ناملىق ناخشا ھەققىدە يەنە مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ:

«ئىسمائىل ئىسمىلىك بىر ئەما سەنئەتكار دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دەسلەپ ئېيتقىنى يەنىلا شۇ‹قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم› ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ شۇنداق يېقىملىق، ئىنتايىن سۇزۇك ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقىنى مەڭگۈلۈك سېغىنىش، شۇنداقلا بىر ئۆمۈر ئېرىشكىلى بولمايدىغان مۇھەببەت ئىدى... ئەي، يورۇقلۇقتىن مەھرۇم قالغان ئەما ناخشىچى، بەلكىم سەن ئېيتىۋاتقان ناخشىدا يورۇقلۇققا بولغان ئىنتىلىش ۋە تەسەۋۋۇر باردۇر. ناخشا دېگەن گوياكى كۈچلۈك شامال، كۆكتىكى لاچىن، گوياكى پەسىل دەريالىرىدا ئۆركەشلىگەن كەلكۈندەك شۇنچە ئەركىن بولىدۇ.

‹قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم› دېگەن ناخشىنى ئېيتىش بىلەن كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئۇيغۇر شائىرى نەۋايى ‹غەم ـ قايغۇ ناخشىنىڭ روھى› دەپ ئېيتقانىكەن. بۇ يەنە بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش. سەن نېمىشقا شۇنچە ئازاب چېكىسەن؟ ئاشۇ قۇرغاق قۇملۇقلار ئۇچۇنمۇ؟ سېنىڭ بوستانلىقىڭ قاغجىرىغان قەلبلەرگە سالقىنلىق ئاتا قىلالامدۇ؟ ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن خەۋەرلىشەلمەي قېلىشىڭدىن ئەندىشە قىلىۋاتامسەن؟»[4]

مەن يۇقىرىقى بايانلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. يازغۇچىنىڭ سەممىي ھېسسىياتىغا قايىل بولدۇم. ھەمدە ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن مۇنداق بىر ئىش يادىمغا كەلدى. چۈنكى بۇ ئىش ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات بىلەن ئوخشاش ئىدى.

1988 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتاتتىم. 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچ سائەت 9 دا ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش پروگراممىسىنى ئاڭلاۋاتسام، تۇيۇقسىز شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى باھارگۇل ئىمىنىنىڭ ئورۇنلىشىدا «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىتىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز بۇ ناخشىغا ئەگەشتىم ھەمدە ھاياجاندىن ئۆزۈمنى گويا ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلاردەك ھېس قىلاتتىم. ناخشا ئاخىرلاشقاندا ياتاق كارىدورىغا چىقىپ غەرب تەرەپكە قاراپ: «ئانا...!»، «قەشقەر سەن قەيەردە...!» دەپ ۋارقىراپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قاپتىمەن. بۇ چاغدىكى تۇيغۇ ـ تەسىراتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە راستتىنلا ئاجىزلىق قىلاتتىم. ئەمما قوشنا ياتاقتىكى بىر نەچچەيلەننىڭ ياتاقلىرىدىن كارىدورغا چىقىپ ماڭا قاراپ: «ساراڭ» دېيىشىمۇ تەسىر قىلمىدى. شۇ ئاخشام بۇ ناخشىنى توختىماي تەكرارلايتتىم. ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە مۇزىكا رىتىملىرى مېنى قاتمۇ قات تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرۇپ، بىردەم تويى ئاخشىمىدىكى يىگىت شادلىقىدا ھۇزۇرلاندۇرسا، بىردەم بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىدا سۇغا تەشنا بولۇپ، قاياققا مېڭىشنى بىلمەيۋاتقان ھارغىن كارۋاندەك گاڭگىراش تۇيغۇسىدا پەرىشان قىلاتتى.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى ھەقىقەتەن مۇتەپەككۇر يازغۇچى بولۇشقا مۇناسىپكەن. چۈنكى ئۇ بىر مىللەتنىڭ تىلى، ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى قايغۇ ـ شادلىق، ئارزۇ ـ ئارمان، زىددىيەت، مۇرەككەپلىك ۋە سىرلىقلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇ ئۆز ئەسىرىدە: «ھەر بىر مىسرانىڭ ئاخىرقى ئاھاڭى ئۆزگىچە بولۇپ، مەن ھەر قانچە ئەگىشىپ ئېيتساممۇ، غىڭشىسامىمۇ يەنىلا ئاشۇ خىل قىزغىن ھېسسىيات، بىپايان غېرىبلىققا ئەگىشەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم» [5] دەپ يازغان.

قەلبى خەلقىنىڭ ئارزۇسى، ھېسسىياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ۋۇجۇدى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن تويۇنغان بۇ مۆتىۋەر يازغۇچى خەلق ئىچىدە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» گە ئوخشاش ناخشىلاردىكى مۇڭ ـ ھەسرەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى بىلىپ بېقىش ئارزۇسىدا ئەنە شۇنداق ناخشىلاردىكى لىرىك قەھرىمانلاردىن «سەن نېمىشقا شۇنچە ئازاب چېكىسەن؟ ئاشۇ قۇرغاق قۇملۇقلار ئۇچۇنمۇ؟ سېنىڭ بوستانلىقىڭ قاغجىرىغان قەلبلەرگە سالقىنلىق ئاتا قىلالامدۇ؟ ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن خەۋەرلىشەلمەي قېلىشىڭدىن ئەندىشە قىلىۋاتامسەن؟ سېنىڭ ئېيتىڭ ۋە چەكسىز سەۋر ـ تاقىتىڭ ئالاقىلىشىشىڭغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرەلەمدۇ؟»[6] دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ.

ھەر قانداق مىللەتنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىن شۇ مىللەتنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەۋلادلىرىغىچە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى،

www.uyghurkitap.com

ئارزۇ- ئىرادىسىنى، قايغۇ - شادلىقىنى، ئىنتىلىشلىرىنى، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، كىشىلىك قاراشلىرىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ، بۇنداق ماھىيەتلىك مەسىلىنى چۈشىنىپ يېتىش ۋە ئۇنى كونكرېت ھېس قىلىش، بايقاش ئۈچۈن بەلگىلىك مەدەنىيەت تەربىيەسى ۋە سەنئەت تەربىيەسىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، تېخىمۇ مۇھىمى توغرا بولغان قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ۋاڭ مېڭ ئەپەندى يۇقىرىقىدەك شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغان تالانتلىق مەدەنىيەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەل مۇشۇ ماھىيەتلىك مەسىلە نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يۈكسەك ئەقلىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ناملىق ناخشىنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىنى چوڭقۇرلاپ قېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن.

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە يەنە «ئانارگۈل» ناملىق خەلق ناخشىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى يەنىلا ‹ئانارگۈل› بولۇپ، ناخشا ئىنتايىن تەبىئىي ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ ناخشىسى گويا ئۆزىنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈنلا ئېيتىلغاندەك شۇ قەدەر ئەركىن- ئازادە ئىدى. ئۇلار بېشىغا شەپەق رەڭ سارغۇچ دوپپا، ئۇچىسىغا قىزىل كۆڭلەك ۋە كۆك ئىشتان كىيىۋالغان ئىدى. ئۇلار ناخشىسىنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئېيتىپ، ئاندىن بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن تاكى كۈن ئولتۇرغىچە ئېيتتى. ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە، قىزغىنلىقىغا، ئاۋازىغا چەكسىز كۈچ يوشۇرۇنغان ئىدى.»[7]

ۋاڭ مېڭ ئەپەندى يۇقىرىقى تەسۋىرلىرىدە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئېيتىلىش شارائىتى، جىسمانىي ئەمگەك رىتىملىرىغا ماسلىشىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېقىن سۇدەك جەلپكارلىقىغا، روشەن مىللىي خاسلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ناخشا ئورۇنلىغۇچىلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىنىش جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئەمگەك مەدەنىيىتى، ناخشا ئېيتىش مەدەنىيىتى ۋە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشى ۋە قىزغىن پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن.

قىسقىسى، ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تېمىسىدا يازغان بارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ رەڭدارلىقى، گۈزەللىكى، مۇكەممەللىكى، جەلپكارلىقى ۋە مىللىي خاسلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، قىزغىن پوزىتسىيەدە مەدھىيەلەنگەن. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى ئېسىل گۆھەر ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۆزىنى، ئۆز مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدىغان، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ياخشى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى، باشقا قېرىنداش مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئۇنى قەدىرلىشىدىن سۆز ئېچىش تەس. ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا تۇتقان قىزغىن پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئۇنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدىغان، چوڭقۇر بىلىم قۇرۇلمىسىغا ۋە باي مەنىۋى دۇنياغا ئىگە مەدەنىيەتپەرۋەر ئەدىب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنى سەممىي ھۆرمەت قىلىدىغان يۈكسەك مەدەنىيەت قارىشىغا، ئالىيجاناپ ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە ئەدىب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان شۇنچە چوڭقۇر ھېسسىياتى ۋە ھۆرمىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن نەمۇنىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك روھتۇر.

## ئىزاھاتلار:

[1]«شىنجاڭ گېزىتى» 2007 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتىگە قارالسۇن.

[2] يالقۇن روزى، ئابدۇللا مەتقۇربان تۈزگەن: «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2004 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 145 - ، 146 - بەتلەر.

[3]،[4] يۇقىرىقى كىتاب 147 - بەتلەر.

[5]،[6] يۇقىرىقى كىتاب 146 - 147 - بەتلەر.

[7] يۇقىرىقى كىتاب 149 - بەتلەر.


ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرىمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، تۇرسۇنئاي يۈسۈپ (تەكلىپلىك)

www.uyghurkitap.com

**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

# بىكىنمە ئاڭ ۋە تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقى



**تۇرسۇنمۇھەممەت توختى**

*تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ.*

*ــ سوقرات*

ساپاسى تۆۋەن، مەنىۋىيىتى زەئىپ كىشىلەر ئۇچۇشسىزلىققا يولۇققاندا، قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەندە كۆپ ھالدا مەسىلىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرمەيلا «پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ» دەپ قاراپ، ئاسانلا تەقدىرگە تەن بېرىدۇ. ئادەم ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈكتىن ئىبارەت كېسەل روھ ۋۇجۇدنى چىرمىغاندا؛ ئىرادە، ئېتىقاد سۇسلاپ توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بەل قويۇۋەتكەندە، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئىللەتلىرى ئەقىلنى ئىسكەنجىگە ئالغاندا؛ رېئاللىقتىن خۇدۇكسىرەش، قورۇنۇش، قورقۇش، ئۆزىنى قاچۇرۇشتەك پاسسىپ پىسخىك كەيپىيات باش كۆتۈرگەندە؛ تېخىمۇ مۇھىمى ــ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن ياتلىشىپ ئۆزلۈك روھنى يوقاتقاندا تەقدىرچىلىك ئىدىيەسى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ. تەقدىرچىلىك ــ ۋۇجۇدنىڭ ئەنگۈشتىرى ھېسابلىنىدىغان ئىجادىي پىكىر ۋە ئاكتىپ تەپەككۇرنى، يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە ھاياتىي كۈچنى چەكلەپ ئۆزلۈكنى تەتقىقات پۈرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان، قەدىر ـ قىممەتنى سۇندۇرۇپ، روھنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ئادەمنى مەھكۇملۇق يولىغا باشلايدىغان، نەتىجىدە تەقدىرنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان چىرىك ئېتىقاد، تەسلىمكار روھ، شۇنداقلا نادانلىق، خۇراپاتلىق پەيدا قىلغان پاسسىپ ئىدىيەدىن ئىبارەت.

ئادەملەر ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنى ئىدىيە ۋە ساپادىكى پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادىمىيلىك قەدىر ـ قىممەتنىڭ قانداق بولۇشىمۇ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ئىدىيەگە باغلىق. دېمەك، ئىنسان ئۈچۈن ئىدىيە جان، ئىدىيە ئەڭ زور بايلىق بولۇپ تەقدىر ئىدىيە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا ئادەم قانداق ئىدىيەگە ئىگە بولسا، شۇنداق ياشايدۇ. دالې كارنېگىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: «ئىدىيەمىزنى ئۆزگەرتسەك، پۈتۈن ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.»

بىلىش پائالىيىتى (ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىش) جەريانىدا تەپەككۇر يادرولۇق ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ، تەپەككۇر قانچە جانلىق، ئەتراپلىق، چوڭقۇر بولغانسېرى ئىدىيەمۇ شۇنچە نۇرلىنىپ بارىدۇ. ئىدىيە قانچە ئېغىرلاشقانسېرى ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپلا قالماي ھەرىكەتنى دەل، توغرا، قاراتمىلىققا ۋە ئۈنۈمدارلىققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئىدىيە ھەرقانچە ئىلغار بولۇپ ھەرىكەتتە ئىپادە قىلىنمىسا ئالغا بېسىش، يۈكسىلىش، قىممەت يارىتىش، تەقدىرنى ئۆزگەرتىش دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىلىش بولسا تۇيغۇ، سەزگۈ ۋە ئىدراكنى ئاساس قىلغان ھېسسىي بىلىش جەريانىدىن تەپەككۇرنى ئاساس قىلغان ئەقلىي بىلىشكە، ئەقلىي بىلىشتىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈشتەك قايتىلانما جەريان ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

هېسسي بىلىش بولسا بىۋاستە تەسرات ۋە ئىنكاسنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، گەرچە بۇ ئارقىلىق شەيئى – هادىسىلەرنىڭ پارچە – پۇرات، ئايرىم تەرەپلىرىنى، تاشقى باغلىنىشلىرى ۋە هادىسىلىرىنى بىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولسىمۇ، پەقەت هېسسي بىلىشتىن كەلگەن تۈرلۈك ئۇچۇرلار ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى هېسابلىنىدىغان ئۈنۈملۈك تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىقلا ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەقلىي مىللەت دەپ ئاتىلىشى ئەقلىي ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنى قورال قىلىپ ياشاۋاتقانلىقىغا قارىتىلسا، بەزى مىللەتلەرنىڭ هېسسي مىللەت دەپ ئاتىلىپ قېلىشى ئۇلارنىڭ بىلىش پائالىيىتى هېسسي بىلىش باسقۇچىدا توختاپ قالغانلىقىغا، ئاكتىپ، ئىجادىي تەپەككۇرغا ئىگە بولالمىغانلىقىغا قارىتىلغان. دېمەك، تەپەككۇر ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىڭ يادروسى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرى، ئورتاق ۋە ماهىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى شۇنداقلا شەيئىلەر هەرىكىتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىكى مېڭىنىڭ نېرۋا پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ناپولېئون خېيىل: «تەپەككۇر بولسا يېڭى شەيئىلەرنى بايقاش مەسىلىسى يەنى چۈشەنمەيدىغان مەلۇم بىر ئىشتىن گۇمانلىنىش، ئاندىن سوئال قويۇش ئارقىلىق مەسىلىنى هەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپىدىغان جەرياندۇر. ئىجادىي تەپەككۇر بولسا شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق يېڭى ئوي – پىكىرگە ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر»[1] دەپ قارىغان. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا تەپەككۇر— هادىسىدىن ماهىيەتكە ئۆتۈش، دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش، مەسىلىلەرنى هەل قىلىش جەريانىدىكى ئويلىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، خىيال قىلىش، قىياس قىلىش قىسقىسى مېڭىنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى بولۇپ، بىلىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ شەيئى – هادىسىلەرنىڭ ماهىيىتىنى چوڭقۇرلاپ تونۇش ئاساسىدا ئۆزلۈكىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ شۇ ئاساستا هاياتنىڭ قىممىتىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

قايسىبىر دانا: «ئىنساننىڭ قەلبى كور بولسا ئۆزىنىڭ هالاكەت دۇمبىقىنى چالىدۇ» دېگەن ئىكەن. ئەپسۇسكى شۇ كۈنلەردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر هاياتقا نىسبەتەن يېڭىچە نۇقتىدىن چىقىپ، ئاكتىپ سوئال قويۇش ئارقىلىق روهىي جەهەتتىن ئويغىنىش هاسىل قىلالمىغاچقا، تاشقى دۇنيادىن پاسسىپ ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىۋېرىپ ئېڭىنى ئەخلەت ئىدىيەلەر قاپلاپ كېتىپ، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشتىن مەهرۇم قالغاچقا: تەكرار تۇرمۇش، ناچار ئادەت، قىممىتى ئاللىقاچان يوقالغان ئەنئەنىلەر ئۆزلۈكىنى خوراپاتقا چىلاپ، ۋۇجۇدىنىڭ ئەقىل – پاراسەت ئامبىرىنى خۇددى مۇزغا ئوخشاش توڭلىتىپ تۇرغاچقا، ئۆزىدىكى غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تونۇپ يەتمىگەچكە هەم ئۇنى قانداق قېزىش ۋە ئېچىشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنى بىلمىگەچكە، بولۇپمۇ ئىشەنچ، ئېتىقاد، مۇستەهكەم ئىرادە، رىقابەت ئېڭى، هاياتىي كۈچ دېگەندەك ئوخشاش ئادەمنى ئۈمىدۋارلىققا ئىگە قىلىپ ئىچكى ئېنېرگىيەنى پەيدا قىلىدىغان ئاكتىپ روهىي ئامىللاردىن ئايرىلىپ قالغاچقا، قىممەتلىك هاياتنى مەنىسىز ئىشلار بىلەن خورىتىپ تۈگەتمەكتە. بىر ئادەمگە نىسبەتەن بىر ئۆمۈر ياشاپمۇ ئۆز قىممىتىنى بىلەلمەسلىك، هاياتقا نىسبەتەن بىرەر نىشان ياكى غايىسى بولماسلىق تۈپەيلى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ يۈرۈش، تەپەككۇرسىز ياشاشتىنمۇ ئارتۇق ئېچىنىشلىق ئىش بولمىسا كېرەك. ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەزكۇر كىشىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇهىت جۈملىدىن جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى، ياشاش ئادىتى، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىچكى رىقابەت كۈچى، مەدەنىيلىك دەرىجىسى، ئائىلە مۇهىتى، شۇنداقلا قانداق مەدەنىيەت، قانداق مائارىپ، قانداق ئەنئەنىلەرنىڭ زەرەتلىشىگە ئۇچراۋاتقانلىقى، تەربىيەلىنىش ئەهۋالى، ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان ئىدىيە، ئاڭ، تەپەككۇر شەكىللىرى كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مول مەزمۇنلۇق مەپتۇنكار مەدەنىيەت خەزىنىمىزگە، جۈملىدىن تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، مېدىتسىنا، هۈنەر – تېخنىكا، ئەدەبىيات – سەنئەت، نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئائىت ئەقلىنى لال قىلىدىغان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئەقىل – پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرنى ئاساس، ئەقىل – پاراسەتنى قورال قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ بۈيۈك تارىخ يارىتالايدىغانلىقىنى هېس قىلىش بىلەن بىرگە، قاباهەتلىك قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەن، جاهالەت پاتقىقىغا پاتقان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە كەلگەندە ئەقلىي تەپەككۇردىن پۈتۈنلەي ياتلىشىپ، ئىلغار ئىدىيەدىن ئىبارەت مەنىۋى ئەڭگۈشتەردىن ئايرىلىپ قالغانلىقى تۈپەيلى، ئاچچىق قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىدەك تارىخىي ساۋاقلاردىن تولىمۇ ئەپسۇسلۇق هېس قىلىمىز. دېمەك، هەرقانداق بىر

مىللەت قاچانكى ئەقلىي ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن مەھرۇم قالىدىكەن، شۇ چاغدىن ئېتىبارەن ھاياتىي كۈچىمۇ يوقىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقانلىقى مەۋجۇتلۇقتىن مەھكۇملۇققا يۈزلىنىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «تەپەككۇرغا يېتىدىغان ئىبادەت يوق»[2] دېگەن ئىكەن.

مۇھىت بولسا تەپەككۇرغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەم مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھىتنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەپەككۇرنى بەلگىلەش رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، زامانىۋى مۇھىتتا تۇغۇلغان بىر بوۋاق ياۋايىلار توپى ئىچىدە چوڭ بولسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا ياۋايىلىشىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەكسىچە، ياۋايىلار توپى ئىچىدە تۇغۇلغان بىر بوۋاق زامانىۋى مۇھىت ئىچىدە ياشىسا چوقۇمكى زامانغا خاس ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ھايۋانلار بېقىۋالغان ئادەم باللىرىنىڭ بارا ـ بارا ئادىمىيلىك تەبىئىتىنى يوقىتىپ ئاشۇ ھايۋانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تەبىئەتنى يېتىلدۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەمەلىي مىساللار بۇنىڭ جانلىق دەلىلى. بىلىش پائالىيىتى بىۋاستە سېزىمنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولۇپ، تاشقى دۇنيادىن كېلىدىغان تۈرلۈك ئۇچۇرلار سەزگۈ ئەزالاردا ئاكتىپ غىدىقلىنىش پەيدا قىلالىغاندىلا ئاڭ ۋە تەپەككۇر ئويغىنىشقا باشلايدۇ. قارىئۆرۈكنى يەپ باقمىغان ئادەم ئۇنىڭ ھەققىي تەمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇلبۇلنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەمگە بۇلبۇل ھەققىدە ھەرقانچە چۈشەندۈرۈپ بەرسىمۇ بۇلبۇلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا ئىدراك قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ماددا ئاڭنى پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئېڭىمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ چەكلىك مۇھىتتىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىغا نىسبەتەن ئاشۇ قۇدۇق كەڭرى بىر دۇنيا، قۇدۇقنىڭ ئېغىزى گويا بىر ئاسمان. نەچچە ئەۋلاد سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ياۋايىلىشىپ كەتكەن بېگانە ئارالدىكى بىر توپ ئادەملەرگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى يەر شارى پەقەت ئاشۇ كىچىك ئارالدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خىل بىكىك مۇھىت تۈپەيلى ئۇلارنىڭ ئېڭى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدا چەكلىنىپ قالىدىغان بولغاچقا، ماشىنا، ئايروپىلان، ئالەم كېمىسى، كومپيۇتېر، ئاتوم بومبىسى دېگەندەك زامانىۋى دۇنيانىڭ پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتلىرىنى زىنھار قىياس قىلالمايدۇ، تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرالمايدۇ.

بىكىنمە ئاڭ بىكىك مۇھىت پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، بولۇپمۇ ئۇزاق مەزگىل بىكىك ھەم ناچار مۇھىتتا ياشىغان ئىجتىمائىي توپقا نىسبەتەن، بۇ خىل مۇھىت ئۇلارنى ئىدىيە ـ ئاڭ جەھەتتە تولىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ـ دە، تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، تەرەققىيات بولمىغان ئەلدە ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئۆزىنى خەس ۋە پەس كۆرۈشتەك ناچار ئىللەت ۋۇجۇدنى چىرمىغاندا پسىخولوگىيەلىك كۈچ ئاجىزلاپ ئىجادچانلىق تۇيغۇ پۈتۈنلەي كاردىن چىقىدۇ. مانا بۇ ۋۇجۇدنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشىدۇر. كورېيە بىلەن چاۋشيەننى سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسەكلا بۇ ھەقتە بىر قەدەر كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

نەچچە ئون ئەسىرنى سۈت ئۇيقۇدا ئۆتكۈزۈۋەتكەن كورېيانلار يېقىنقى ئون يىل جەريانىدىلا تېزدىن باش كۆتۈرۈپ، جاھان ئەھلىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغىدەك مۆجىزىلەرنى ياراتتى. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، 1995 ـ يىلىلا كورېيەنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 10 مىڭ 37 دوللارغا يېتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا دۇنيا بويىچە 11 ـ ئورۇنغا ئۆتكەن. (بىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىمىز 2050 ـ يىللارغا بارغاندا تۆت مىڭ دوللارغا يېتىدىكەن) 12 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملىشىپ بولغاندىن سىرت، 1996 ـ يىلىلا ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلارنىڭ نىسبىتى 37 پىرسەنتكە يېتىپ، بۇ جەھەتتە ھەتتا ئامېرىكىدىنمۇ ئېشىپ، دۇنيادا مائارىپى ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. 2001 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەرنىڭ بىرلىشىپ سالغان مائارىپ سېلىنمىسى GDPنىڭ 7.03 پىرسەنتكە يېتىپ دانىيەدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. ھەر يىلى ئىلتىماس قىلىدىغان پاتېنت سانى 140 مىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پاتېنت سانى جەھەتتە ياپونىيەدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن. (دۆلىتىمىزنىڭ ھەر يىلى ئىلتىماس قىلىدىغان پاتېنت سانى تەخمىنەن 13 مىڭ ئەتراپىدا) ئىلگىرى نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلار «كورېيە ئاپتوموبىللىرىنى ئامېرىكا بازىرىغا سالارمىش» دەپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈشكەن ئىكەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كورېيەنىڭ ئاپتوموبىل ياساش سانائىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى مىليون داندىن ئېشىپ كەتكەن ھەم تۈركۈملەپ ئامېرىكا

بازىرىغا ئېكسپورت قىلىنغان. SAMSUNG غا ئوخشاش دۇنياۋى ماركا ياراتقان گورۇھ ۋە شىركەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. ئەسىرلەر بويى گىياھ ئۈنمەي كېلىۋاتقان قاقاسلىق تاغلىرى يايپېشىللىققا پۈركەنگەن. بولۇپمۇ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان سانسىز قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە، چېرىكلىشىش ئىللەتلىرىگە ئۈنۈملۈك خاتىمە بەرگەن. كورېيەنىڭ قىسقىغىنە نەچچە ئون يىل جەريانىدا تېز تەرەققىي قىلىپ ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك نوچى» نىڭ نوچىسىغا ئايلىنالىشى، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشى ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن بېكىك مۇھىت، بېكىنمە ئاڭ، قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈلمىگە، روھنى چىرماپ ئالغان ناچار ئىللەتلەرگە كەسكىن ۋە ئۈنۈملۈك جەڭ ئېلان قىلىپ، كورېيە جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق بىر قاتار تۈزۈلمىلىرىدە، بولۇپمۇ روھنى تازىلاپ ۋۇجۇدنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېپيېڭى ئىجتىمائىي ئىدىيە مۇھىتىنى بەرپا قىلالىغانلىقىدا.

چاۋشيەنلىكلەر بىلەن كورېيانلار گەرچە مىللەت، مەدەنىيەت يىلتىزى بىر بولسىمۇ، لېكىن چېگرا سىمىدىن ئىبارەت سىرلىق توسۇق ئۇلارنى جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت بىر ـ بىرىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى لاگېرغا ئايرىپ تۇرىدۇ. يەر شارىلىشىش دولقۇنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ چاۋشيەن ھۆكۈمىتى يەنىلا بېكىك ھالەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، يەنە كېلىپ دەۋرگە خاس دادىل ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارمىغاچقا، ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى بىر قەدەر ئۈستۈنلۈكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىرمۇ بۇ دۆلەت نامرات ۋە قالاق ھالەتتە تۇرماقتا. چاۋشيەن ھەققىدە يېزىلغان زىيارەت خاتىرىلىرىدىن مەلۇمكى، نۇرغۇن چاۋشيەنلىك چەت ئەللىكلەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا بەدەن، يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىنىش جەھەتلەردە ئۆزلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان چەت ئەللىكلەرنى ئۇچراتقىنىدا ئۇلارغا ھەيرانلىق ۋە خۇدۇكسىرەش نەزىرى بىلەن قارايدىكەن (چۈنكى ئۇلار ھازىرمۇ جۇڭسەن پاسونىدىكى بىرلا خىل كىيىمنى كىيىپ يۈرۈشىدىكەن). بۇ دۆلەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا سۈرەت تارتىشقا بولمايدىكەن. كىم ئېرسىننىڭ ئىزىنىكىنى تاقاپ يۈرۈش ئومۇمىي ئېقىم بولۇپ، ھېلىمۇ «21 ـ ئەسىردىكى قىزىل قۇياشىمىز كىم زىڭئىل ياشىسۇن» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار ھەممىلا يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. چاۋشيەن 11 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى يولغا قويغان بولۇپ، دەرسلىك كىتابلار ئاساسەن تەشۋىقات خاراكتېرلىك مەزمۇنلار بويىچە تۈزۈلىدىكەن. مەجبۇرىيەت مائارىپنى تاماملىغان ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار شەرتسىز 10 يىللىق ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيدىكەن. ئەگەر مەزكۇر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە، ئىككى يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشكە ئەۋەتىلىدىكەن. رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك خەلقئارا خەۋەرلەرنى تارقاتمايدىغان بولغاچقا، خەلقلىرى دۇنيادا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ياشايدىكەن. ھەتتا ئۇلار 1988 ـ يىلى كورېيەدە ئۆتكۈزۈلگەن، كىشىلەر تەرىپىدىن ئولىمپىك تارىخىدىكى بىر قېتىملىق كاتتا مەرىكە دەپ تەرىپلەنگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى، شۇنداقلا سېئۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدىنمۇ بىخەۋەر قالغان. ئۇچۇرلاشقان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ چاۋشيەندە ئايرىم ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىدە تېلېفون بولسىمۇ پەقەت دۆلەت ئىچىدىلا سۆزلىشىشكە بولىدىكەن. ئاددىي خەلققە نىسبەتەن يانفون، كومپيۇتېر سېتىۋېلىش غايىۋى ئىش ھېسابلىنىدىكەن. بىر قىسىم ئىدارە ـ ئورگانلاردا كومپيۇتېر بولسىمۇ تورغا چىقىشقا بولمايدىكەن. گەرچە جۇڭگو پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئاساسىي مائاشى 70 يۈەندىن تۆۋەن بولسىمۇ (كورېيەلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا 11 مىڭ يۈەن) چاۋشيەنلىكلەر ھەتتا 30 ـ 40 يۈەنگە قەدەر (بۇ بەزى خىزمەتچىلەرنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا تەڭ دېگەن گەپ) پۇل خەجلەپ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكلارنى سېتىۋالىدىكەن. كورېيەلىكلەرگە نىسبەتەن ئېسىل پىكاپلارنى سېتىۋېلىش ئادەتتىكى ئىش بولغىنى بىلەن، چاۋشيەنلىكلەر شەخسىي پىكاپ سېتىۋېلىشنى تەسەۋۋۇرىغىمۇ سىغدۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، زاۋۇت، كارخانا، شىركەتلەرنى قۇرۇش كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىدىيە جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك ئۇلارنى شۇ قەدەر ساددا، بىخۇد، گاراڭ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. چاۋشيەن خەلقى ھازىرقى دۇنيانىڭ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

بىخەۋەر بولغاچقا، ئۆزلىرىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا قايسى ھالەتتە، قانداق ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇلار قالاقلىق، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ماھىيەتلىك سەۋەبنى بىلمىگەچكە (ياكى بىلسىمۇ كۆڭلىدە بىلىپ تېشىغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا) ھازىرقى تۇزۇلمىسىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدۇ، ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى قۇدرەتلىك مىللەت دەپ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇ كۈنلەردىمۇ «ياشىسۇن» دېگەندەك شوئارلارنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي، نامراتلىقنى كۈيلەپ ۋە سۆيۈپ ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى بىز باشتا ئېيتقان قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىغىلا ئوخشاپ قالىدىكەن.

گەرچە چاۋشىيەنلىكلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى كورېيانلاردىن قېلىشمىسىمۇ، بىراق چاۋشىيەنىنىڭ زىيادە بېكىنمە ھالىتى، تۇزۇلمىسىدىكى قالاقلىق، ئىدىيە جەھەتتىكى قاتماللىق ۋە چەكلىمىلىك دېگەنگە ئوخشاش روھنى قىسىدىغان پاسسىپ ئامىللار ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ۋە ئىجادىي تەپەككۇرىنى بوغۇپ بىر خىل مۇقامغا ناخشا توۋلاشتەك تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بولۇپمۇ چاۋشىيەنلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا «چەكلەنگەن رايونلار» دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسىنى تارايتىپ، شەخسنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى، ئىنسانىي تەبىئىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئۆزلۈكىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەن. يەنىشۇ «قامال قىلىش ھەممە يامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر» ناملىق ماقالىسىدا: «ھەممە تەرەپتىن قامال قىلىنغان شارائىتتا ياشىساڭ نادان بولۇپ قېلىشىڭ مۇقەررەر. نادان بولۇپ قالساڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيالمايدىغان، قەيەرنى كۆرسەتسە شۇ يەرگە مېڭىپ بەدەۋلىشىش ھەتتا ۋەھشىيلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىسەن»[3] دەپ يازىدۇ.

ئامېرىكىلىق يازغۇچى پاللوننىڭ ھېكايەت قىلىشىچە، بىر بېكىنمە ماكان بولۇپ، ھېچكىم سىرتقا چىقماس ھەم سىرتتىن كىرمەس ئىكەن. كىمكى بۇ نىزامنى بۇزسا قەتل قىلىنار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېپىق مۇھىتىنى مۇتلەق غايىۋى ماكان دېيىشكە كۆنگەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بەختسىز بۇ ماكاندىن ئايرىلىپ جاھان كۆرۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەپسانىۋى ئادەت بىلەن ئالداپ يۈرگەنلىكىنى، ئۆز ماكانىنىڭ قاراڭغۇ ۋە بەختسىز مۇھىتتا تۇرغانلىقىنى ئۆز خەلقىگە يەتكۈزگىلى قايتىپتۇ. ئۇ تەسراتلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشىغىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ بۇ يېپىق ماكاندا ئېغىر يەر تەۋرەش، تاغ كۆمۈرۈلۈشلەر بولۇپ، ھەممە كىشى ھەر تەرەپلەرگە پىتىراپ كېتىپتۇ ھەم دۇنيانى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ جاھىل، بېكىنمە ھاياتىغا نەپرەتلىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ بىر ـ بىرلەپ ئاتا قەدەم دىيارىغا قايتىپتۇ ۋە بۇ ماكاندىن تۇنجى بولۇپ سىرتقا چىققان قېرىنداشنى ئەۋلىيا بىلىپ ئۇنىڭغا خاتىرە سۇپىسى سېلىشماقچى بولۇپتۇ. نەتىجىدە جەسەتگاھى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن بۇ كىشىگە سېلىنغان خاتىرە سۇپىلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، بۇ ماكاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تۇتىشىدىغان يوللار پەيدا بولغان ئىكەن. [4]

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەنگە قەدەر بولۇپمۇ ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئادەمنىڭ ئەقلى سىغدۇرالمايدىغان نېمە ئىشلار بولۇپ كەتمىدى؟ بۇ دەۋرلەردە سىياسىي كۈرەش تۇتقا قىلىنغاچقا، بىر قىسىم ئەقلىي كور، ئەس ـ خىيالى ئاللاكىملەرنىڭدۇر شاپاققا دەسسىتىپ يېقىتىشنىڭلا خىيالىدا بولىدىغان، ئىچى ھىيلە ـ مىكىرگە توشۇپ كەتكەن رەزىل نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ پائالىيەت سەھنىسى جانلىنىپ، ھەممە يەردە كۈرەش دولقۇنلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ ۋەسۋەسە ئېغىر كۈچىيىپ، گەپ ـ سۆزىدىن تارتىپ يۈرۈش ـ تۇرۇشقىچە تولىمۇ ئېھتىياتچان، ئۆز سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈيدىغان، بىر ـ بىرىگە ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا «دۇنياغا يۈزلىنىش» دېگەندەك گەپلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بۇنداق ئەندىشىلىك كەيپىيات تەبىئىي ھالدا زېھىن ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يوقىرىقىدەك ناچار ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەلىك ئايلىنىش تۇپەيلى خەلقنىڭ ئېڭى تولىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. بىلىم ۋە ئەقىل خارلاندى، تەپەككۇر بولاقلىرىنىڭ كۆزى لاي ـ لاتقىلار بىلەن ئېتىلىپ قالدى، نۇرغۇن ئىلغار ئىدىيەلىك زىيالىيلار نابۇت بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى نادانلىق زەنجىرى بىلەن كىشەنلىنىشىپ، غايەت زور دەرىجىدە ئەقىل (مېڭە) ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە خەلقنىڭ ساپاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، پىخسىقلىق يارىتىش، ئىختىرا قىلىشتەك ئىجادىي روھنى يوقىتىپ قىممەتلىك تەرەققىيات پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئومۇمىي ئېقىمغا قارىغۇلارچە

ئەگىشىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەر مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، يېڭىلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە پېتىنالمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. خاسلىقى يوقالغان شەيئى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمىغىنىدەك، ئېنىق مەيدان ۋە مۇستەقىل تۇيغۇغا ئىگە بولمىغان ئادەم خۇددى يۇمىلاق تاۋۇزغا ئوخشاپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ مەيدانىدا ياشاشقا كۆنۈكۈپ قالىدۇ - دە، بىر ئۆمۈر مەنىسىز پالاقشىپ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئالدى بىلەن قالاق قائىدە - يوسۇن ۋە ئادەت كۈچلىرىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلالماي، تەپەككۇر يولىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ مەڭگۈ ئىجادىي پىكىرگە ئىگە بولالمايدۇ. ۋاڭ شۇچۇن: «ئېقىمغا ئەگىشىپ يۈرىدىغانلار ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭمىغاچقا ئاخىر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە ئۆزىنىڭ پەقەت بىر جايدىلا مىدىرلاپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە؟»[5] دېگەن. تارىخنىڭ قىسمەتلىرىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، تاغدەك ئاچچىق ساۋاقلار كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. چىن شىخۇاڭنىڭ ئۇستازى خەن فېيزى ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ شۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئادەم دېگەن رەزىل ھايۋان بولغىنى ئۈچۈنلا ئىنتىلىدىغىنى نەپ، قورقىدىغىنى زوراۋانلىقتۇر. شۇڭا ئادەم دېگەنگە ھۆرمەت قىلما، ئىشەنمە، ئەلنى ئىدارە قىلىشىڭ ئامالى شۇكى، قولۇڭدىكى قامچاڭنىڭ دەستىسى ئۇزۇن بولسۇن؛ ئاۋامنى سېھىر، جادۇ، كۈچ - قۇدرەت بىلەن ئىلكىڭدە تۇتقىنكى، ئۇلار ئالدىڭدا گويا هارۋاڭغا قوشقان ئۇلاغدەك باش كۆتۈرەلمەي ماڭسۇن.»[6] كۇڭزىمۇ ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ئەقىل ئۆگىتىپ: «پۇقرانى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئىشىنىشكە بولمايدۇ ‹پۇقرالارنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئىشلەتكىن، ئەمما ئۇلارغا سەن ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلدۈرمە› دېگەن. تارىختىن بۇيان ھۆكۈمرانلار مۇشۇ ئاساسىي پرىنسىپنى مۇقەددەس بىلىپ، ئەلنى نادانلىقتا قالدۇرۇش تەدبىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى.»[7]

«كورېيەلىكلەردىن نەرىمىز كەم» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جاڭ خوڭجېي مەزكۇر كىتابىدا، كورېيانلارنىڭ ساپا قارىشىدا ئەقىل بىلەن بىلىم، ئەخلاق بىلەن پەزىلەتنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى، ئەڭ گەۋدىلىك مىللەت خاسلىقى بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىكتە ئىپادىلىنىدىغانلىقى، كورېيەنىڭ بۈگۈنكىدەك زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى ئۇلارنىڭ زامانىۋى تۈزۈمنى ئۇزۇل - كېسىل قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، مىللەت خاسلىقىنى ياراتقانلىقىنى قەدىر قىلىش بىلەن بىرگە، دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئىدىيە ۋەيرانچىلىقىغا ئائىت ئاچچىق ساۋاقلار ئۈستىدە توختىلىپ: «جوڭگولۇقلار ئاقىللارنىڭ باھادىرى دەپ تونۇپ كەلگەن كاتتا زات چىن شىخۇاڭ جوڭگونىڭ ئىدىيە قىرانلىقىنى بەك بالدۇر نابۇت قىلىۋەتتى. ئۇ زوراۋانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسىنى ئورنىتىپ، جوڭگولۇقنىڭ ھەممىسىنى قۇل ۋە ئات - ئېشەككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ‹كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۈش›، ‹ئەمەلدارلارغا باش قويۇش›، ‹نادانلار جاھان سوراش› ھۈنىرى بىلەن ئاۋامنى ئەركىنلىكتىن ۋە پىكىر قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاخىرى ھەتتا ‹لام دەپ ئېغىز ئېچىپ قويغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، قورسىقىدا غۇ ساقلىغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ھەرقانداق ئادەمنى يۈرەكئالدى قىلىۋېتىش› دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندى. ئادىمىيلىك ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ كۆرسە قالمىغاچقا ھەممىگە چىدايدىغان، ھەممىگە خوش - خوش دەپ تۇرىدىغان بىپەرۋا لايغەزەللىك بۇ ئەلدە بازار تېپىشقا باشلىدى.»[8] «نەتىجىدە مىڭلىغان ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى كىشەنلەندى، ھاياتىي كۈچى ئۇجۇقتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر پۇقرا پۈت - قولى بوغۇلغان مەجرۇھقا ئوخشاپ قالدى.»[9] «خانلىقنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئەلۋەتتە پۇقرالارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىنى تەقىب قىلىپ، ئاۋامنى ئۆملىشىپ قېلىشتىن توسۇپ، خانلىق ھوقۇقىغا تەھدىت يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق كۈچنى دەرھال ئۇجۇقتۇرىدىغان گەپتە.»[10] «مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا پېتىنالماسلىق، ئىجادچانلىق كەمچىل بولۇش، مۇتەئەسسىپ قاتارلىقلارنى مۇستەبىت جەمئىيەت ئاپىرىدە قىلغان قۇلچىلىق ئىدىيەسىنىڭ تۇغۇندىسى دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى غۇرۇرسىزلىق، پرىنسىپسىزلىق، لەۋزىدە تۇرماسلىق ۋە قۇللارچە ياشاش ئىللىتى دەھشەتلىك تۈرمۈش شارائىتى ھامىلە قىلغان غەيرىي ئادىمىيلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.»[11] دەپ يازىدۇ. غەربتە پەن - تېخنىكا ۋە سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىپ ئىگىلىك راسا گۈللىنىۋاتقان دەۋرلەردە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ 200 يىلغا يېقىن بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تاشقى سودا ئىشلىرىنى قاتتىق چەكلەپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزگەچكە، پۇقرالار دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قېلىپ خانىدانلىقنىڭ ئىگىلىكى زور

www.uyghurkitap.com

دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەن. نەتىجىدە ئاۋام خەلق ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، شۇ قەدەر بىخۇدلىشىپ ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەس دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ خىل ھالەتنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى جۇڭگونى كۆزىتىپ باققان چەت ئەللىكلەر: «جۇڭگولۇقلار ھەددىدىن زىيادە گاراڭلىشىپ، ئاخىرى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قاپتۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىكىك مۇھىتتىن بېكىنمە ئىدىيە شەكىللىنىدۇ. تەبىئىي مۇھىتقا قارىغاندا ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ كىشىلەر ساپاسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئاۋام خەلقنىڭ ئىدىيەسى كىشەنلىنىپ، روھى كېرەكتىن چىققان يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەت تاپقان، ئەل ـ ئاۋامنى ھەقىقىي نىجاتلىققا باشلايدىغان ئالىم، ئۆلىما، پەيلاسوپ، تەپەككۇر چولپانلىرى قىسقىسى دەۋر قەھرىمانلىرىنىڭ يېتىلىپ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئادەمگە نىسبەتەن ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش مۇھىتى، زىيالىيلار ھەقىقىي قەدىرلىنىدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىنغاندىلا، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغۇتقىلى، مېڭىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۇنۇملۇك ئاچقىلى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ئىلغار ھەم يېڭى ئىدىيەگە ئىگە بولماي، ئۆزىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئىشەنچ، ئاكتىپ پوزىتسىيە ھازىرلىماي تۇرۇپ، ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتكىلى بولمايدۇ ـ دە، تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، يېڭىچە ھاياتقا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا كەشپىياتچى كاتلىن: «ئەقىل بىلەن بىرلىشەلمىگەن ھەرىكەت تەكلىپىنىڭ بىر خىل شەكلى، ھەرىكەت بىلەن بىرلىشەلمىگەن ئەقىل دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەخمەقانىلىقتۇر» دېگەن.

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىلگىرىكى قايناق ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىشى تۈپەيلى، ئەجدادلىرىمىز خۇددى بىز باشتا تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆتكەن يېگانە ئارالدىكى ئادەملەرگە ئوخشاپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇقادىر داموللا قەشقەرنىڭ تەرەققىي قىلالمايۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «تەرەققىي قىلىش ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك يولباشچىلار ياكى مەدەنىيەتلىك قوشنىلار بولۇشى كېرەك. بۇ ئىش شۇلارنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئېشىشى تەبىئىيدۇر. لېكىن بىزدە ئۇنداق رەھبەرلەر يوق، قوشنىلارمۇ پۈتۈنلەي تەرەققىي تاپمىغان خەلقلەردىن ئىبارەت، پۈتۈن ئەتراپىمىز جاھالەت بىلەن ئورالغان. پەقەت غەرب تەرەپتىنلا يول ئۇچۇق بولۇپ، بىزگە شۇ يولدىنلا بۇخارائىي شېرىپ مەدەنىيىتى كەلدى» [12] دېگەن ئىدى. سەئىدخاندىن ئىلگىرى بىر مەھەل ھاكىمىيەت سورىغان ئابابەكرى مىرزا زالىملىق، قانخورلۇق، مۇستەبىتلىكتە ئۇچىغا چىققان، خەلقىقە مىسلىسىز بالايىئاپەتلەرنى ياغدۇرغان، لەنەت تامغىسى بېسىلغان تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇنى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق كىتابىدا: «دۇنيا تارىخىدا ئابابەكرىدەك زوراۋان قاتىلدىن يەنە بىرنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ يازغان. ئۇ تولىمۇ گۇمانخور بولغاچقا ھەتتا شاھدانە كۈكۈلداشقا ئوخشاش سادىق ۋەزىرلىرىنى؛ ئەمىر ۋەلى، مۇھەممەد بەگكە ئوخشاش ھەربىي قوماندانلىرىنى ھېچ سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بىر يۇرتتىن بىر تۈركۈم ئادەملەر يەنە بىر يۇرتقا بارسا پىتنە ـ پاسات تارقىتىدۇ دەپ قاراپ، پۇقرالارنىڭ شەھەر ئاتلاپ سەپەر قىلىشىنى مەنئى قىلغان، ھەمدە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ پۇتىنى كېسىپ تاشلاپ، ھەممە ئادەمنى ۋەھىمىگە سېلىپ، سەپەر قىلىشقا پېتىنالمايدىغان، تار دائىرىدە بېكىنىپ ياشايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىساق تارىخىمىزنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش قىسمەتلەر بىلەن دېيەرلىك «تويۇنغان» لىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

بۇنداق بېكىك ئىدىيە مۇھىتى خۇددى دېرىزىسى يوق ئۆيگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئۆيدە تۇرغان ئادەم سىرتتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەيلا قالماي، روھىي جەھەتتىكى سىقىلىشتىن پەيدا بولغان كەيپىياتىمۇ بىنورماللىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ. سېزىمچانلىقىنى يوقىتىپ تەپەككۇرى تۇرغۇنلىشىشقا، ئېڭىمۇ تارىيىپ بەدەۋىلىشىشقا يۈزلىنىدۇ ـ دە، ئاقىۋەتتە پىكىر ـ خىيالى ئاشۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالىدۇ. يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىپ خەلقنىڭ بېكىنمە ھالەتتە قېلىشى ۋە قاتمۇ قات زۇلۇم ـ ستەملەرنى باشتىن كەچۈرۈشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىشى، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى بىخۇدلاشتۇرغۇچى كېسەللىك ۋىرۇسلىرىنىڭ چىرماپ كېتىشى، يەنە كېلىپ بۇ خىل ناچار ئىجتىمائىي ئايلىنىشنىڭ نەچچە ئەسىرلەپ داۋام ئېتىشى خەلقىمىزنى ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان نۇرانە مەدەنىيەت ۋە ئاكتىپ تەپەككۇردىن ياتلاشتۇرۇپ، ئىدىيە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ تېنى بار روھى يوق تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

گېنىنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بارغىنىدەك ئۆرپ – ئادەت، مەدەنىيەت، ئەنئەنە جەھەتتىكى تەسىرمۇ كۈچلۈك ئۆتنۇشچانلىققا ئىگە بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ساپاسى ئەجدادلار ساپاسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا تېكشىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. «دەرەخ ئون يىلدا، ئادەم يۈز يىلدا يېتىلىدۇ» دېگەنىدەك، روھىيەت قۇرۇلمىسى كېرەكتىن چىققان بىر مىللەتنىڭ روھىيىتىنى ئۇزۇل – كېسىل ئىسلاھ قىلىپ قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مەلۇم تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈشكە، پاسسىپ ۋە تۇرغۇن ھالەتكە جەڭ ئېلان قىلىپ تەشەببۇسكار روھنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. گەرچە دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا، بىكىنمە ئېڭىدا ئاستا – ئاستا ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن زامان كاللا ئىشلەتمەي تەپەككۇرى تۇرغۇنلىشىپ قالغان، تارىخنىڭ ئاسارىتى قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى چۈشەكلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ بولالمايۋاتقان نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ھېلىمۇ بىخۇد، بىپەرۋا ھالەتتە ياشىماقتا. دېمەك ئادەم بىر يولدا تەكرار – تەكرار مېڭىۋەرسە باشقا يوللارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ – دە، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيادا پەقەت مۇشۇ بىر يول بار دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ.

ئەمدى بىز تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقى ئۇقۇمىنى مىساللار ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇپ كۆرەيلى: ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئېڭىدا ماشىنا پەقەت يەردىلا ماڭىدۇ دېگەن ئۇقۇم تۇراقلىشىپ قالغاچقا، ئاكا – ئۇكا رايىتلار ئۇچالايدىغان ماشىنا ياسىغانلىقىنى جاكارلاپ مۇخبىرلارنى كېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاندا ھېچكىم ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان، ھەتتا توغقانلىرى ئۇلارنى ئەقلىدىن ئېزىپتۇ دەپ قاراپ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا تەكشۈرتكىلى ئاپارغان. كىشىلەر ئادەتتە كىنوخانىنى قاتار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كىنو كۆرىدىغان جاي دەپ قارايدۇ. بىراق ئامېرىكىلىق داۋفېي ئاكا – ئۇكىلار كىنوخانىنى ئىسلاھ قىلىپ، تاماشىبىنلارنى خۇددى قاۋاقخانىلاردىكى خېرىدارلارغا ئوخشاش ئازادە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ساندۋىچ يېگەچ، پىۋا ئىچكەچ بەھۇزۇرلىنىپ كىنو كۆرەلەيدىغان ئاشخانا كىنوخانىسىنى ئېچىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. جۇڭگولۇقلار ئەڭ ئۇزۇن پوجاڭزىنى كەشىپ قىلغان ھەم ئۇنى پەقەت بايراملاردا ئاتىدىغان نەرسە دەپ تونۇپ كەلگەچكە، بايرام ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدىلا پوجاڭزىنى ئېتىش بىلەن چەكلىنىپ كەلگەن ئىدى. رۇسىيەلىكلەر پوجاڭزىدىن ئىلھام ئېلىپ راكېتانى ياساپ چىقتى. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، ئۆمۈر بويى قالاق ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان دېھقان دېھقانچىلىقنى پەقەت كەتمەن، گۈرجەك، ئارا، ئورغاقتا تايىنىپلا قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. كىچىكىدىن تارتىپ نامراتلىق ئىچىدە چوڭ بولغان، يەنە كېلىپ بۇ خىل تەقدىرنى ئۆزگەرتىش كويىدا بولۇپ باقمىغان، ئىدىيەسى نامرات ئادەم تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى ئەزەلدىن شۇنداق، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ دەپ قارايدۇ. جۇڭگولۇقلار ئۆي سالسا بىخەتەرلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھويلىسىنى ئېگىز قورۇق تاملار بىلەن قورشاپ، دەرۋازىغىمۇ ئالاھىدە ئىشلەنگەن ئەنئەنىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەچكە، ھېلىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆي دېگەننىڭ چوقۇم قورۇق تېمى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئىدارە – ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ قورۇق تام ۋە دەرۋازىسىنىڭ بولۇشىغا گەپ كەتمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سىنىپنى ئوقۇغۇچىلار رەتلىك ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغان جاي دەپ بىلىدۇ. ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئەگەر بىز ئوقۇغۇچىلارغا: نيۇتون دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئالىم، ئۇنىڭ قانۇنلىرى چېقىلىشقا بولمايدىغان مۇتلەق ھەقىقەت دېگەن ئىدىيەنى سىڭدۈرسەك، ئەتراپتىكى ھەممە ئادەمدە شۇنداق قاراش ئومۇملىشىپ كەتكەن بولسا تەبىئىي ھالدا ئوقۇغۇچىلاردا نيۇتوننىڭ قانۇنلىرىغا نىسبەتەن گۇمانىي قاراش يوقىلىدۇ. گۇمانىي قاراش تەپەككۇرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، گۇمانىي قاراش بولمىغان ئادەمدە ئىجادچانلىق روھ بولمايدۇ. ئەگەر بىز مەلۇم بىر تارىخىي شەخسكە سەلبىي نۇقتىدىن باھا بېرىۋەرسەك ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنى ناچار ئۇقۇمى بويىچە ئىدىيەسىدە تۇراقلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تۇيغۇسىغا ھۆرمەت قىلماي مەسىلىلەرگە قارىتا «توغرا»، «خاتا» دېگەنىدەك مۇتلەق ھۆكۈم، بىر تەرەپلىمىلىك خۇلاسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا ھەقىقەتكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتمىگەندە، شەخسنىڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، بىر خىل شەيئىنى كۆپ خىل تەرەپلەردىن كۆزەتكۈزۈش، پىكىر قىلدۇرۇش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەندە، ئۇلارنىڭ يۇمران ئىدىيەسى مۇتلەق ھۆكۈملەر بىلەن توشۇپ كېتىپ تەپەككۇرى ئاسانلا تۇرغۇنلىشىپ قالىدۇ – دە، ئىجادىي تۇيغۇ بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇشقا باشلايدۇ.

*ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئەگەرى بىر تىلەمچىنىڭ*

www.uyghurkitap.com

*تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىدە باي ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ تۇرۇپ:*

*ــ ئەگەر ساڭا مىڭ تەڭگە بەرسەم، قانداق خەجلەيسەن؟ ــ دېگەن ئىكەن، تىلەمچى يانفون سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تەڭرى ھەيران بولۇپ، نېمىشقا يانفون سېتىۋالىدىغانلىقىنى سورىغاندا، تىلەمچى:*

*ــ شەھەردىكى ھەرقايسى رايونلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، قەيەردە ئادەم كۆپ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىمەن، ــ دەپتۇ. تەڭرى:*

*ــ ئەگەر ساڭا 100 مىڭ تەڭگە بەرسەمچۇ، ــ دېگەن ئىكەن، تىلەمچى پىكاپ سېتىۋالىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولغاندا يىراق جايلارغىمۇ تېزلا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تەڭرى بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ:*

*ــ ئەگەر ساڭا 10 مىليون تەڭگە بەرسەمچۇ، ــ دېگەن ئىكەن، تىلەمچىنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئۇ چاغدا بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات رايونىنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولغاندا ئۆز تەۋەيىدىكى تىلەمچىلەرنى قوغلىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز تىلەمچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.* بۇنىڭدىن ھېكايەت قىلغۇچى مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: «قارىغاندا بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرى تۇرغۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تەڭرىمۇ ئامالسىز بولسا كېرەك.» [13]

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر خىل مۇھىتتىكى تۇرمۇش تەكرارلىقى، بىر قەدەر ئىلغار ۋە زامانىۋى مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرماسلىق، شەيئى ـ ھادىسىلەرنى سېلىشتۇرۇشقا ماھىر بولماسلىق، ماھىيەتلىك ئىشلارغا نەزەرنى ئاغدۇرماسلىق، ھەر دائىم ئۆزىگە «نېمە ئۈچۈن» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ تۇرالماسلىق، يېڭى ـ يېڭى ئۇچۇرلار ئارقىلىق ئىدىيەنى يېڭىلاپ تۇرماسلىق، پاسسىپ ئادەت كۈچى ۋە ئاڭ جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلالماسلىق، ئىدىيە جەھەتتە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ ھاسىل قىلالماسلىق، ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار پاسسىپ ئامىللار تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

«پارنىكتا شەمشاد، ئېغىلدا تۇلپار يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ.» توخۇلار ئارىسىدا ياشىغان بۈركۈت كۆكتە پەرۋاز قىلالمايدۇ. دەرۋەقە ئەقلى ـ ھوشى ساز بىر گۆدەك نادان ياۋايىلار توپى ئىچىدە چوڭ بولسا ئۇمۇ ئوخشاشلا نادانلىشىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كاللا ئىشلىتىشنى، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشنى بىلمەيدىغان، پەقەت قورساقنىڭ تويغىنىغا، كۈنىنىڭ ئۆتكىنىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىدىغان ئادەملەر توپى ئىچىدە ياشاش تەپەككۇرنى رودىپېتلاشتۇرۇپ، ئادەمنى كالتە پەم، ئەقلى كوتا، ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىمايدىغان، ئالغا ئىنتىلمەيدىغان پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەقلىيەتتىن ياتلاشقان، ئىختىرا قىلىشنى بىلمەيدىغان مىللەت نوقۇل ھالدىكى ئىستېمالچىغا، قورساق تويغۇزغۇچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. قىممەت ياراتمىغان ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن ئادەم كىملىكىنى، ھازىرقى ئورنىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئاساسىدا ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي ئىدىيە مۇھىتىدىن ھالقىيالىغاندىلا تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ تەرەققىياتىدا ئىچكى ئامىلنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتتا ياشىغان تەقدىردىمۇ ئاڭ ئېچىلمىسا تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىغا ئۇنۇملۇك جەڭ ئېلان قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا قايسى ئامىللارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك؟

1.پاسسىپ ئادەت كۈچلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش كېرەك. ئوخشاش بىر ئىشنى تەكرارلاۋېرىشتىن ئادەت شەكىللىنىدۇ. ھېچقانداق ئىجادىي تۈس ئالمىغان تەكرارلىق ئاڭنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى تارايتىپ، پىكىر ـ قاراشلىرىنى تۇرغۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىل «تەكرارلىق ھەر خىل ئىستىبداتنى بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن يەپ تۈگىتىدىغان چۇمۇلىدۇر.» [14] يەنە بىر تەرەپتىن تەكرارلاۋېرىش ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەپلاتون ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا: «كىچىك ئىش ئادەتكە ئايلىنىدۇ، ئادەت خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ، خاراكتېر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن. خۇددى جۇۋاز كالىسى بىر نۇقتىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىۋېرىشقا كۆنۈپ كېتىپ يەر ئاغدۇرۇشقا يارىمىغىنىدەك، «ئادەتلەنگەن كۆز قاراش شەكىللەنگەن ھامان، ئەقلىي قابىلىيەت ھۇرۇنلىشىپ كېتىدۇ.» [15]

ئېلبېرت خۇببارتنىڭ ھېكايەت قىلىشىچە: پىل كۆندۈرگۈچىلەر پىلنى كىچىك ۋاقتىدىلا ناھايىتى يوغان بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويىدىكەن، گەرچە كىچىك پىل تۈۋرۈكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئۇرۇنۇپ بېقىپ كار قىلمىغاندا، بۇ تۈۋرۈكتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن دېگەن قاراشقا كېلىدىكەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پىلنى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك تۈۋرۈككە ئالماشتۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پىلنىڭ تەپەككۇرىدا تۈۋرۈك شەكىللىك نەرسە بولسىلا قۇتۇلۇپ

چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراش شەكىللىنىپ ئاستا - ئاستا ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدىكەن. گەرچە پىل چوڭ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تۆۋرۈك شەكلىدىكى كىچىك تاياقمۇ پىلنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرالايدىكەن. [16] ئەمەلىيەتتە پىلغا نىسبەتەن كىچىككىنە تۆۋرۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھېچقانداق ئىش ئەمەس. بىراق تۆۋرۈكتىن قۇتۇلالماسلىقتەك تۇيغۇنىڭ كۈچلۈك تەسىرى پىلنىڭ چوڭ مېڭىسىگە ئورناپ تەپەككۇرىدا تۇرغۇنلىشىپ قالغان. مۇبادا پىل ئاشۇ قارىشىنى ئۆزگەرتسىچۇ؟ ئۇ چاغدا پىلنىڭ تەقدىرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىدا سانسىزلىغان كىشىلەر ئاشۇ پىلنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئاددىي ۋە مېخانىك تۇرمۇش تەكرارلىقى ئۇلارنىڭ ئاڭ ۋە تەپەككۇرىنى سېھىرلەپ ئادەت «تۆۋرۈكى» گە مەھكەم باغلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۆۋرۈككە باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشمايدۇ. مۇبادا ئۇلار ئۆزلىرىگە: «نېمە ئۈچۈن تۆۋرۈككە باغلىنىپ قالغۇدەك» دېگەن مۇقەددەس سوئالنى تاشلىيالىسا تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۇنجى مۇبارەك قەدىمىنى باسالىغان بولىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئۈچۈن تۇرغۇنلىشىپ كەتكەن قاراش، پاسسىپ ئادەت كۈچلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىش— ئۆزىنى تونۇش، ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ئۇلۇغ روھ ھېسابلىنىدۇ. تەپەككۇر رىقابەتسىز مۇھىتتا قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ. رىقابەت ئېڭى قانچە كۈچلۈك بولسا تەپەككۇرمۇ شۇنچە قاناتلىنىپ ئاكتىپ، قوزغىلىشچان ھالەتكە ئۆتىدۇ. شۇڭا ئادەم پاسسىپ ئادەت كۈچلىرى ۋە بولمىغۇر قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىلىۋېلىپ قەلبىگە چۈشەك سېلىۋالماسلىق لازىم.

ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى ھەر كۈنى قانچىلىك مەنە ۋە قىممەت يارىتالىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. «قۇياش ھەر كۈنى يېڭى بولۇشى كېرەك» دېگەن ھېكمەت ھاياتنى ھەر كۈنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا قارىتىلغان. تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوخشاش بىر رىتىمدا داۋاملىشىۋەرسە بىر يىل ياشىغان بىلەن بىر كۈن ياشىغاننىڭ نېمە پەرقى؟ ! بولۇپمۇ ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ تەسىرى، بىلىمسىزلىك، ساپاسىزلىق، نادانلىق ئىللەتلىرى تەپەككۇرنى چەكلەپ كىشىلەرنى تەكرار تۇرمۇش كوچىسىدا بىر ئۆمۈر پالاقشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگەچكە ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمە مەقسەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، ۋاقىت ئېڭى ئاجىز بولۇپ نام - نىشانسىز ياشايدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆز- ئۆزىگە: ھايات دېگەن نېمە؟ تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشامدىم ياكى تاماقنى ياشاش ئۈچۈن يەمدىم؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويۇپ تۇرۇشى، بوغۇچلانغان تەپەككۇرنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى يېشىۋېتىپ كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇشى لازىم.

2. تەربىيەلىنىش ئاملىنىڭ تەسىرى. تەربىيەلىنىش ئىنساننىڭ خاس سۈپىتى بولۇپ، ئادەم ئۇنۇملۇك تەربىيەلىنىش ئارقىلىقلا تېخىمۇ كۆپ ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولغىلى، مېڭىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى شۇنچە نامايان قىلغىلى بولىدۇ. گەرچە نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئەقىل ۋە تەپەككۇر بولىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ سۈپەت، ساپا، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەم قانچە ئەتراپلىق تەربىيەلەنسە نەزەر دائىرىسىمۇ شۇنچە كېڭىيىپ، بىلىمى ۋە بىلىدىغانلىرى شۇنچە موللىشىپ، زېھنى ئېچىلىپ، تەپەككۇرى ئۆتكۈرلىشىپ، تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىمۇ يۈكسەكلىشىپ، ئەقىل - پاراستىمۇ شۇنچە نۇرلىنىپ باردۇ. تەبىئىي يېتىلىش قانچە ئۇنۇملۇك بولغانسېرى ھادىسىلەردىن ماھىيەتنى بايقىيالايدىغان ئىقتىدار شەكىللىنىپ پەيلاسوپلارچە تەپەككۇرغا ئىگە بولغىلى، تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا يۈزلەندۈرۈپ، بىرەر ئىش قىلغاندا ئەقىلگە مۇراجىئەت قىلىدىغان ئاكتىپ خاراكتېرنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇ ئاساستا ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئېشىپ باردۇ. پىسخىكا جەھەتتە بىخۇدلۇقنى تۈگىتىپ سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرغىلى، يالغاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى، بىراۋنىڭ ئاددىي ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن كۆڭلىگە نېمە غەرەزلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئاسانلا ئىدراك قىلالايدىغان بولىدۇ. دېمەك ئادەم قانچە ئەتراپلىق تەربىيەلەنگەنسېرى ئەقىل كۆزى شۇنچە نۇرلىنىپ، ئادەتتىكى ئادەملەر ھېس قىلالمايدىغان ماھىيەتلەرنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. قانداق ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئىگىلەپ ئۆزىدىن ھالقىشنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت ئامىللىرىنىڭ ئىچىدە ئائىلە مۇھىتىنىڭ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان تەسىرى ئەڭ زور دەرىجىدە بولىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ ساپاسىزلىقى، پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ ئىلمىي يوللىرىنى بىلمەسلىكى، بالا تېپىشتا تەشەببۇسكار بولغىنى بىلەن تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى؛ مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ياكى بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە

ئىجادىي تۇيغۇسىنى نابۇت قىلىدىغان قالاق مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشى بارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبىن پەخرۇدىن: «نادانلىقنىڭ نېگىزى بىلەن كامالەتنىڭ قانىتى ئائىلىدە. مىللەتنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىۋاتقان نەرسە ئەسكەر ۋە باشقىلار بولماستىن بەلكى ئائىلىدىن ئىبارەت» دېگەن.[17] بۈگۈنكى كۈندە شۇنچە ئەقىللىق باللىرىمىزنىڭ ئىزچىل ۋە ئىلمىي تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىق تۈپەيلى غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقى، ئەقىل بۇلاقلىرىنى ئاچىدىغان تەسىر كۈچىنىڭ بولماسلىقى تۈپەيلى تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىدىن ئىبارەت مەنىۋى كېسەلگە گىرىپتار بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ئەھۋال دىققىتىمىزنى قوزغىشى لازىم. بۇ نۇقتىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى، تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرمەي تۇرۇپ ئەقىلگە تايىنىپ ياشايدىغان بىر ئەۋلاد ساپالىق كىشىلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىن سۆز ئېچىش تولىمۇ قىيىن. شۇڭا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ئوقۇش ۋە تەربىيەلىنىش پۇرسەتلىرىنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز لازىم. مۇمكىنقەدەر ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدىغان، ھەممە ئادەم ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغان ئۆگىنىشچان جەمئىيەت بەرپا قىلغاندىلا، تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىدىن قۇتۇلۇپ ئىجادىي ھاياتقا قەدەم باسقىلى بولىدۇ. بۈگۈنكىدەك ئەقىل رىقابىتى دەۋرىدە كىمكى بۇ نۇقتىغا سەل قارىسا، بىخۇدلۇق ۋە بىخەستەلىك قىلىپ قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويسا، نۆۋەتتىكى كەسكىن رىقابەتتە پۇت دەسسەپ تۇرالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

3. كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئاڭنى يېڭى ئىدىيەلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ تۇرۇش لازىم. كىتاب غايەت زور بىلىملەر خەزىنىسى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بۇلىقى، يېڭى بىلىم، يېڭى ئىدىيەلەرگە ئېرىشىشنىڭ، كۆزنىتىش ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ، ئۆزلۈكىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. كىتاب ئوقۇشنى، ئۆگىنىش قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم مەڭگۈ مۇكەممەل ئادەم بولالىشى ناتايىن. بەزى كىتابلارنىڭ يارىتىدىغان ماددىي قىممىتى يۇقىرى بولسا، بەزى كىتابلارنىڭ مەنىۋى قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. باھاسى نەچچە كوي، نەچچە ئون كويلۇق بەزى كىتابلاردا نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە ئون مىڭ كويلۇق مەنىلەر خەزىنىسى بولىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. پەقەت ئەقىللىق كىشىلەرلا بىر كۈن كىتاب ئوقۇمىسا ئۇنىڭ مەنىۋى ئازابىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ، كىتاب ـ ماتېرىيالسىز كۈن ئۆتكۈزۈشنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدۇ. قارايدىغان بولساق، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە كىتاب ئوقۇش ئومۇمىي خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ بولدى. بۈگۈنكى كۈندە بىر مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى، ھاياتىي كۈچىنىڭ دەرىجىسى شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيەسى، ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى ۋە ساپاسى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەكتە. شۇڭا ۋاقىت ۋە ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن، كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان قىسقىسى ئەقىل بىلەن ھەپىلەشىدىغان مىللەتلەر ھەقىقىي غالىبلار تۆرىدىن ئورۇن ئالماقتا. ئەكسىچە، گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇمىغان، ئۆگىنىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ۋاقىت ئېڭى تۆۋەن، بوش ۋاقىتلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىدىغان، قىسقىسى ئىدىيەدە تېخىچە ئويغىنىش ھاسىل قىلىپ بولالمايۋاتقان مىللەتلەر خەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالماقتا. ئادەم قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇپ يېڭى بىلىم، يېڭى ئەقىل، يېڭىچە تەپەككۇر دۇردانىلىرى بىلەن ئېڭىنى زەرەتلەپ تۇرسا، پىكىر يوللىرى ئېچىلىپ زېھنى ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئاكتىپ ۋۇجۇدنىڭ تۇرتكىسىدە پاسسىپ ئىجتىمائىي ئىدىيە مۇھىتىدىن ھالقىپ كەتكىلى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇشنىڭ خاسىيىتىنى بىلمەسلىك، ئەمەلدە ئېپادە قىلالماسلىق قۇلچىلىق ئىدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھەقتە زىيالىيلىرىمىز كۆپ سۆزلىگەن ھەم سۆزلەۋاتقان، كۆپلىگەن ماقالە ـ ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ ئۈنۈمى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئاددىي خەلقنى قويۇپ تۇرايلى، ئۆزىنى زىيالىي ساناپ يۈرۈشىدىغان خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز، قۇرۇق پاراڭ، غەيۋەت ـ شىكايەتكە شۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدۇكى، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر پارچە كىتاب ياكى گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇپ قوياي دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ، كىتاب ـ ژۇرنال سېتىۋېلىپ ئائىلە مەدەنىيىتىنى بېيىتىشنى ئەسلا ئويلاپ قويمايدۇ. كىتاب بولمىغان، كىتاب ئوقۇمايدىغان ئائىلىنىڭ باللارغا بولغان تەسىرى قانداق بولماقچى؟! ھازىرقى ئاساسلىق مەسىلە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش

www.uyghurkitap.com

تەربىيەسى جەھەتتە ئۇنۇمدارلىقى بولغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا. بۇ قانچە بەدەل تۆلىسەك ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش. ئۇنداق بولمىغاندا كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىدە يەنىلا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ھايات خۇددى ئېرىقتىكى لاي سۇدەك بىر خىل رىتىمدا داۋاملىشىۋېرىدۇ. جونسون: «ئەگەر بىر ئائىلىدە كىتاب بولمىسا ئۇ دېرىزىسى يوق ئۆيگە ئوخشاپ قالىدۇ» دېسە، پېداگوك ماكارېنكو: «كىتاب ئوقۇمىغان ئائىلە روھىي مەجرۇھ ئائىلىدۇر» دەپ دەل جايىدا ئېيتقان. چۈشەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن كىتابنىڭ قىممىتى بىباھا بولۇپ، ھەقىقىي بۇيۈكلۈك ئۇ ئارقىلىق كامال تاپالايدۇ، كىتاب ئوقۇماسلىقتىن روھىي جەھەتتىكى گاس - گاچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىغا ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ سانى ئەمەس، بەلكى سۈپىتى، قانداق كىتابلارنى قانداق شەكىلدە ئوقۇغانلىقى، كىتاب ئوقۇش نىشانى ۋە ئۇسۇلى بەكرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كىتاب ئوقۇشتىكى ساپا - سەۋىيەگە قارىتا كىتابخانلار قاتلىمى شەكىللىنىدۇ. كۆپ تەكرارلىنىپ قولاق كۆنۈپ كەتكەن، ئانچە يېڭىلىقى يوق، ئادەتتىكىچە ماقالە - ئەسەرلەرنى ئوقۇۋېرىشمۇ تەپەككۇرنى چەكلەپ قويىدۇ. كىتاب ئوقۇشتا مۇددىئا - مەقسەت بولمىسا، ئوقۇغان بىلەن ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش بولمىسا ئوقۇغاننىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. «قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرى كۆپىنچە ھەرگىز ئەڭ كۆپ كىتاب ئوقۇغان ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ئەڭ كېرەكلىك كىتابلارنى ئوقۇغانلاردۇر.»[18] بۇ ھەقتە ئېينىشتېينمۇ: «ئوقۇغان كىتابلار ئىچىدە ئۆزۈڭنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا يېتەكلىيەلەيدىغان نەرسىلەرنى تۇتۇۋېلىش، قالغان ھەممە نەرسىنى چۆرۈپ تاشلاش، يەنى ئاڭنىڭ يۈكىنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان ۋە ئۆزۈڭنى مۇھىم نۇقتىدىن چەتلەشتۈرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك» دېگەن. شۇڭا ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە كىتاب ئوقۇشنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك تارقىتىش ۋاسىتىلىرى بولۇپمۇ تورغا ئوخشاش ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

4. ئىشەنچنى كۈچەيتىش لازىم. ئىنگلىزلار «ئۆزىگە ئىشىنىش» دېگەن گەپنى ئەڭ ئۇلۇغ بىلىدىكەن. دەرۋەقە بارلىق ئىشلارنىڭ نەتىجىسى نىيەت ۋە ئىشەنچكە قارىتا بولىدۇ، ھەرگىزمۇ كۆڭلىمىزدە تۇرغۇزغان نىشاندىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسى تولۇپ تاشسا روھىي كۈچىمۇ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ۋۇجۇدىنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇنچە ئۇرغۇشقا باشلايدۇ. تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر - يۈزەلىك دەرىجىسى، بىر ەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش - چىقالماسلىق، قانداق نەتىجىگە ئېرىشىش، پوزىتسىيەنىڭ ئاكتىپ ياكى پاسسىپ بولۇشى قەلبنىڭ ئىشەنچ كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىشەنچ ئادەمگە پۈتمەس - تۈگىمەس روھىي كۈچ ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىشەنچتىن ئايرىلىپ قېلىش تۈگەشكەنلىك بىلەن باراۋەر. تەكىتلەش ھاجەتكى، ئەگەر ئىدىيەدىكى ئوبرازىمىز قانداق بولسا، رېئاللىقتىكى ئۆزلۈكىمۇ شۇنىڭدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش، پەس كۆرۈش خاھىشلىرى ئادەمنى ئاسانلا ئىشەنچتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ ھەقىقەتەن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا رېئاللىققا ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇشىمىز، تۇرمۇشقا كۆلۈپ بېقىشىمىز، ئىشەنچنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

5. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكىدە ياشاش كېرەك. ئادەم شۇنداق ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ياشىسا ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئىدىيەگە ئىگە بولۇپلا قالماي، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ھاياتقا نىسبەتەن مۇھەببەتنى كۈچەيتكىلى، ئىچكى ئېنېرگىيەنى ئاشۇرۇپ ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. پاستېر ئېيتقاندەك: «ئامەت قۇشى تەييارلىق كۆرگەن قەلبكە قونىدۇ.»[19] «ئىجادىي ئوي - پىكرى يوق ئادەملەرگە مۇۋەپپەقىيەت مەڭگۈ نېسىپ بولمايدۇ.»[20] ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى كۆپىنچە پاسسىپ بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ئادەتتىكىچە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ ساناقسىز بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستىكىدە ياشىمىغانلىقىدا. ھاياتقا، شەيئى - ھادىسىلەرگە جۇملىدىن دۇنياغا يېڭىچە نەزەردە باقالمىغانلىقىدا. تەرەققىي تاپقان ئەل خەلقلىرى دائىم «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش» دېگەن گەپنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ. لېكىن بىز بۇ گەپنى تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىمىز. بىزدە شۇنداق تۇيغۇ كەم بولغانلىقى ئۈچۈن دىققىتىمىزنى مەلۇم بىر ئىشقا يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرەلمەيمىز - دە، مۇۋەپپەقىيەت پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالىمىز.

6. گۇمانىي قاراش ئاملى. پسىخولوگلار گۇمانىي تەپەككۇرنىڭ باشلىنىشى، ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى؛ گۇمان ئادەمنىڭ مەسىلىنى بايقاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. پىكىر بولسا ئۆگىنىشنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۆگەنگەن بىلەن پىكىر قىلمىسا ئۈنۈمى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلىلەرگە قارىتا گۇمانىي قاراش بولغاچقىلا ئىسلاھ قىلىش، ئىنكار قىلىشلار بەدىلىگە دۇنيانىڭ قىياپىتى

www.uyghurkitap.com

ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. گۇمانىي قاراش پەيدا قىلغان «نېمە ئۈچۈن» لەر كىشىلەرنى ئەقىل بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ خىل قاراش تەتۈر تەپەككۇرنى ئىدىقلاپ تۇرغۇنلىشىپ قالغان ئىدىيەلەرنى ئۆزگەرتىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، ئۇنىڭسىز تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەممە ئادەمنىڭ قارىشىنىڭ بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەش، بىرسى نېمە دېسە باشقىلارنىڭمۇ قارىشى ئوخشاش بولۇپ چىقىش، ئىجتىمائىي توپنىڭ خاراكتېرى خۇددى بىر قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشىشىپ كېتىش يەنى خاراكتېر خاسلىقىنىڭ يوقىلىشى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، ئىجادىي روھنى يوققا چىقىرىدۇ. ئادەمنى يېڭىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئەيمىنىدىغان، خۇدۇكسىرەيدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

7. ئېنىق نىشان بولۇش بىلەن بىرگە نىشاننى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. شۈبھىسىزكى نىشانسىز، غايىسىز كىشىلەر مەنىسىز ياشايدۇ. چۈنكى ئۇلار شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قارىتا ئۈچۈپ يۈرىدىغان قامغاققا، دېڭىزدا لەيلەپ قالغان قېيىققا ئوخشايدۇ. كۈنلىرىنىڭ مەنىسىز، بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا پەقەت ئىچى ئاغرىمايدۇ. بۇنداق ئادەملەردە ئىچكى ئىنتىلىش كۈچى تولىمۇ ئاجىز بولغاچقا تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولمايدۇ. ئارىمىزدا مەقسەت ـ مۇددىئاسىز ياشاۋاتقانلار ساناقسىز بولغاچقا، ئەخمەقلەر ۋە ئەخمەقانە ئىشلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئېنىق ھەم كۈچلۈك نىشان ئېگىگە ئىگە كىشىلەرلا ۋاقىتنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۇختا قەدەم باسقۇچلار بويىچە نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. نىشان بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى نىشاننى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ۋېلىيام جامىس: «سىزدە بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىگە قارىتا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈش بولسىلا ئۇ نەتىجىگە مۇقەررەر يېتەلەيسىز» دېگەن. كۈنلۈك، ئايلىق، يىللىق، ئۇزۇن مەزگىللىك نىشانلار بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەم بىلەن، نىشانسىز ئادەمنىڭ ئىش ئۈنۈمىدە ئاسمان ـ زېمىن پەرق بولىدۇ. نىشان قانچە يۇكسەكلەشكەنسېرى ئادەم شۇنچە غەيرەت ـ شىجائەتكە تولىدۇ، ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ شۇنچە ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. نىشاننى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ.

8. ئىرادىنى چېنىقتۇرۇش. ئارمان بولۇپ دەرمان بولمىسا، ئىرادىدىن كۈچ ھاسىل قىلىپ ھەرىكەتتە ئىپادە قىلىنمىسا ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت نەچچە يىل، نەچچە ئون يىل جاپالىق ئىزدىنىش، تىرىشىش، تىنىمسىز مېھنەت قىلىش، تۇرغۇنلىغان «جەلپكار» نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش، ئەھمىيەتلىك قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە كېلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق داڭلىق ۋەھىملىك ۋەقەلەر يازغۇچىسى ستېفېن كىنگ بىر يىل ئىچىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا يەنى تۇغۇلغان كۈنى، مىلاد بايرىمى، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق بايرىمىدىلا يېزىقچىلىق قىلماي دەم ئالغان. ئىلھامى كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ھەر كۈنى بەش مىڭ خەت ئەتراپىدا بىر نېمە يازغان. ئۇ ئاشۇنداق قەيسەر ئىرادىلىك، تولىمۇ تىرىشچان بولغاچقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ دۇنياۋى چوڭ بايغا ئايلىنالىغان. ئەپسۇسكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ھۇرۇنلۇققا مايىل بولۇپ، بەخت ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۈرىدۇ ـ يۇ، ھەرىكەت قىلىشقا ئاتلانمايدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئىرادىسىزلىكى تۈپەيلى بىر ئىشنى باشلاپ قويۇپ ئازراق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىلا بەل قويۇۋېتىدۇ. بىر ئىشقا نىسبەتەن ئاسان قىزىپ ئاسان سوۋۇيدىغان، ئىشنى باشلاپ قويۇپ ئاخىرىغا چىقارمايدىغان ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرگە ئەزەلدىن مۇۋەپپەقىيەت كۈلۈپ باققان ئەمەس. بۇنداق ئىرادە ئۆتكىلىدىن ئۆتمىگەنلەر تەقدىرگە تەن بېرىپ ھاياتنىڭ يۈزە قاتلاملىرىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

9. تىل تەپەككۇر قورالى. تەپەككۇر بولسا تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆز ئانا تىل مۇھىتىدا ئەڭ ياخشى تەپەككۇر قىلالايدۇ. بىر مىللەت تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى قانچە زور بولسا تەپەككۇرمۇ شۇنچە جانلىق بولىدۇ. پىكىر تىل ياكى ئىدىيە مۇھىتىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغاندا تەپەككۇرمۇ قىسىلىدۇ. شۇڭا تەپەككۇرنىڭ راۋان، جانلىق بولۇشى ئۈچۈن ئانا تىلغا پۇختا بولۇش، ئانا تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، دۆلەت تىلى ۋە دۇنيادا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولۇۋاتقان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇھىتىنى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

10. قىممەت قاراشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆزلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش لازىم. چىرايلىق بىر تاشنىڭ تاش بازىرىغا قارىغاندا ئالتۇن بازىرىدا، ئالتۇن بازىرىغا قارىغاندا بىرلىيانت بازىرىدا قىممىتىنىڭ ھەسسىلەپ ئاشقىنىدەك، ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قەلبىدىكى ئۆزلۈك قىممىتى قانچە

يۇقىرى بولسا ئەمەلىيەتتىنمۇ شۇنچىلىك قىممەتنى پەيدا قىلالايدۇ. قىممەت قارىشى ئادەمنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋاقىت قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلەرنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتى نەچچە مىڭ دوللارغا يارىسا، يەنە بەزىلەرنىڭ يېرىم دوللارغىمۇ يارىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ماددىي قىممىتى يۇقىرى بولسا، يەنە بەزىلەرنىڭ قويۇپ بېرىدىغان مەنىۋى ئېنېرگىيەسى زور بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بەزىلەر ئەزىز، بەزىلەر خار، بەزىلەر ئابرۇيلۇق يەنە بەزىلەر ئابرۇيسىز ياشايدۇ. تۆۋەنلىك قىممەت قاراشتىكى تۆۋەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

11. خۇراپاتلىق ئامىلى. ئادەم لوگىكىلىق تەپەككۇرىدىن، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشتەك ئىلمىي روھتىن، ئەقلىيلىكتىن ياتلاشقاندا خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. خۇراپاتلىق ئەقىلنى چەتكە قېقىپ ۋۇجۇدنى جاھالەت ئىدىيەلىرى بىلەن ئىسكەنجىلەيدىغان، تەپەككۇرنى بوغۇپ يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان، ئاخىرىدا ئادەمنى بىراقلا ھالاكەت دېڭىزىغا ئىتتىرىدىغان چىركىن ئېتىقادتۇر. ئەقلىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلمىغان ئېتىقاد ئادەمنى خۇراپاتلىققا باشلاپ روھنى چىرىتىدۇ، ئىلغار ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ساغلام ئېتىقادى بولمىغان ئادەمدە ساغلام روھمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئادەم ھەر ۋاقىت ئەقلىنى بىلىپ خۇراپاتلىق ئىللەتلىرىنى قەلبىدىن تازىلىۋېتىش لازىم.

قىسقىسى، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاساس قىلغان بۈگۈنكىدەك ئىختىساسلىقلار رىقابىتى دەۋرىدە تەقدىرنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىش ئۈچۈن مېڭە ئىشلىتىشكە، ئىلغار ئىدىيەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە پاسسىپ ئادەت كۈچلىرىگە، ۋاقتى ئۆتكەن قاراشلارغا، بېكىنمە ئاڭ ۋە ئىدىيەلەرگە، تەپەككۇردىكى تۇرغۇنلۇققا جەڭ ئېلان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز پەقەت تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا ئىدىيەمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز. ئىدىيەمىز ئۆزگەرسە ھاياتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەمىز ئۆزگىرىدۇ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار پوزىتسىيە ئارقىلىقلا تەقدىرنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ناپولېئون خېئول مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز تەپەككۇر تۇرغۇنلۇقىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئادەت خاراكتېرلىك تەپەككۇرنى بۆسۈپ ئۆتسىڭىز، دۇنيادا ھېچقانداق ئاتالمىش مۇمكىن ئەمەسنىڭ زادى يوقلۇقىنى بىلىسىز.»[21]

## ئىستاتا مەنبەلىرى

(1)، (19)،(20)،(21) ناپولېئون خېئول: «تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، 73 ـ، 14ـ، 141ـ، 153ـ بەتلەر. ئازادجان نىزامىدىن تەرجىمىسى.

(2) ھەبىبۇللا توختى: «مەدەنىيەتنىڭ گېن خەرىتىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىل 4 ـ سان.62ـ بەت

(3) يەن شيۇ: «قامال قىلىش ھەممە يامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 1 ـ سان. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى.

(4) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئارىفنامە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ (قوشما) ۋە 2000 ـ يىل، 4 ـ، 5 (قوشما) سانلار؛ يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل ئىيۇل نەشرى، 365 ـ بەت.

(5) گۈلزار مەمتىمىن، ئۆمەرجان تۇرسۇنلار تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «بالدۇر بىلىشكە تېگىشلىك 10 ئىش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 286 ـ بەت.

(6)،(8)،(9)،(10)،(11) جاڭ خوگجيې: «كورىيەلىكلەردىن نەرىمىز كەم» مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 58ـ، 59ـ،8ـ، 67 ـ، 90 ـ، 98 ـ بەتلەر. سىيىت تىلىۋالدى تەرجىمىسى.

(7) فەندولا: «‹بەختىيار كۈنلەر› قانداق بولىدۇ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2003 ـ يىل 2 ـ سان. ئادىل ئابدۇقادىر تەرجىمىسى.

(12) نوشىرۋان يائۇشىۇ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 3 ـ سان.

(13) يۇلياگفۇ: «ئۆلۈك تەپەككۇر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008ـ يىل 2 ـ سان. ئەقلىمە ئابدۇللا تەرجىمىسى.

(14) بالتاسار گراسىئەن: «ھېكمەتنامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى 85 ـ بەت، ئالىمجان ئازات تەرجىمىسى.

(15)، (16) ئېلبېرت خۇببارت: «مەڭگۈلۈك ھەمراھ — ئەقىل ـ پاراسەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 119 ـ 122 ـ بەتلەر. مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى.

(17) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى 8 ـ بەت.

(18) جۇيۇشېڭ: «36 تەدبىرنىڭ بايانى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى 91 ـ بەت. قادىر راخمان تەرجىمىسى.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە خىمىيە ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى




# تەربىيە ۋە ھال

ئالىم ۋە فازىل نىزامىددىن بىر يىگىت قېرىندىشىغا نەسىھەت قىلىپ دەپتۇ:

— ئەي يىگىت، پەرزەنتلىرىڭنى ئەركە قىلىپ ئۆستۈرمە، ئىش - ئەمگەك ئۆگەت. ئەگەر پەرزەنتلىرىڭدە ئەقىل، ئەدەپ، ھۈنەر بولمىسا، سېنى ھېچكىم ياخشى نام بىلەن ياد ئەتمەيدۇ. مال - دۇنيايىڭغا مەغرۇرلىنىپ، باللىرىڭنى ھۈنەرسىز، ئەدەپسىز قىلىپ يېتىشتۈرسەڭ، ئۇلارنى بەخت - سائادەتتىن مەھرۇم قىلغان بولىسەن. چۈنكى ھۈنەرسىز، ئەدەپسىز باللىرىڭ سەندىن قالغان پۈتۈن بايلىقنى بىھۇدە يەرلەرگە سەرپ قىلىپ، ئاخىرىدا موھتاجلىقتا قالىدۇ. كۈلپەت، مۇشەققەت يۈكى ئاستىدا ئېزىلىدۇ.

ئەگەر نامىڭنىڭ خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىلىشىنى ئويلىساڭ، ئائىلەڭنىڭ مەڭگۈلۈك راھىتىنى كۆزلىسەڭ، باللىرىڭغا گۈزەل تەربىيە بەر، بىرەر ھۈنەر ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈر. ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇر. يامان ئادەملەردىن يىراق بولسۇن، ياخشىلار بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ، ئۇلاردىن بەھرە ئالسۇن.

ئالىملاردىن مۇھەممەد سەئىد ئېيتىدۇ:

— بەزىلەر يامان خۇي - مىجەزنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ دەۋا قىلىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. يامان خۇي - مىجەزنى ئۆزگەرتىش مۇمكىندۇر. بىر قانچە ئەخلاقسىز، تەربىيەسىز باللار ئىقتىدارلىق تەربىيەچىلەر ۋە مۇئەللىملەرنىڭ غەيرىتى ئارقىسىدا يامان خۇي - مىجەزنى تاشلاپ، ئەدەپلىك، تەرتىپلىك بولىدۇ. بۇ تەجرىبىلەر ئارقىلىق سىناپ كۆرۈلدى. ئەگەر يامان خۇي - مىجەزنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىسا، تەربىيەلەش ئورۇنلىرى ئېچىلمىغان، تەربىيەچىلەر تەربىيەلىمىگەن بولاتتى.

يامان خۇي - مىجەزنى تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ئىنسانلارغىلا خاس بولماي، بەلكى ھايۋانلارغىمۇ تەتبىق قىلىنىشى مۇمكىندۇر. ئىتلار ۋە يىرتقۇچ قۇشلار تەربىيە ۋە ئۆگىنىش ئارقىسىدا ئوۋچىلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئارسلانغا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلار تەربىيە ئارقىلىق ئىنساننىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يامان خۇي - مىجەزلىك ئادەمنى تەربىيەلەپ، ئۇنىڭ خۇي - مىجەزىنى ئۆزگەرتىش نېمە ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەسكەن؟

قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن نۇشىرۋاننىڭ

ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر

ھۆزۈرىدىكى سۆھبەتتە رۇم، ھىندىستان، ئىرانلىق ئۈچ پەيلاسوپ ھازىر بولۇپ، پەلسەپە، ھېكمەتكە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپتۇ:

«ئىنسانغا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدىغان نەرسە نېمە؟» دېگەن سوئالغا ئۈچ دانىشمەن ئۈچ خىل جاۋاب بېرىپتۇ.

رۇملۇق دانىشمەن: «قېرىپ ياردەمسىز قېلىش، يېتىشەلمەسلىك» دەپتۇ.

ھىندىستانلىق ھەكىم: «كېسەللىك ۋە ئىنتايىن قايغۇ ـ ئەلەملىك تۇرمۇش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئىران دانىشمىنى بۇزۇرگمېھىر بولسا: «دۇنيادا ھەممىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرەر ياخشى ئىشنى قىلالماي تۇرۇپ يەتكەن ئەجەل» دەپتۇ.

بۇزۇرگمېھىرنىڭ پىكرى يىغىن ئەھلىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ.

---

«دانىشمەنلەر ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا» ناملىق كىتابتىن: **مۇھەممەت ئىبراھىم ھونبەگ** تەۋسىيە قىلغان.

تەۋسىيە قىلغۇچى: ئۈرۈمچى «ھونبەگ» كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى

## خاتالىق ۋە مەسئۇلىيەت

1920 ـ يىلى 11 ياشلىق بىر ئامېرىكىلىق ئوغۇل بالا توپ تېپىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قوشنىسىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئەينىكىنى چېقىپ قويىدۇ. قوشنىسى بالىدىن 12.5 ئامېرىكا دوللىرى تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەينى چاغدا، 12.5 ئامېرىكا دوللىرى ئاز پۇل ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭغا تۇخۇم تۇغۇۋاتقان مېكىياندىن 125 نى سېتىۋالغىلى بولاتتى. چوڭ ئىشتىن بىرنى تېپىپ قويغان بالا دادىسىنىڭ ئالدىدا خاتالىقنى تونۇيدۇ، ئەمما، دادىسى ئۇنى خاتالىقىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشقا بۇيرۇيدۇ.

بالا تەڭقىسلىق ئىچىدە: «مەندە تۆلىگۈدەك نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ پۇل بولسۇن؟» دەيدۇ. «بۇ پۇلنى مەن ساڭا بېرىپ تۇرغان بولاي، بىر يىلدىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرسەڭ بولىدۇ» دەيدۇ دادىسى 12.5 ئامېرىكا دوللىرىنى بالىغا سۇنۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن، بالا سىرتلاردا جاپالىق ئىشلەپ پۇل تېپىشقا باشلايدۇ، يېرىم يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئۇ ئاخىرى بۇ 12.5 ئامېرىكا دوللىرىنى تېپىپ، دادىسىغا قايتۇرىدۇ. بۇ بالا دەل كېيىنكى كۈنلەردىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روناد. رېگان ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈمنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە خاتالىقىمغا مەسئۇل بولۇش ئارقىلىق، مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالدىم.»

شەرھي كالام: جاھاندىكى بارلىق ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق پەقەت ئارزۇ قىلىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، «يارامىلىق ئادەم بولۇش» نىڭ جەريانى جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىر جەريان، ئۇ ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلاردىن بەلگىلىك تەربىيەلەش سەنئىتىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

---

جاڭ جيەنفېڭ، خۇزۇچىڭلار تۈزگەن، «بۆگۈنكى دۇنيا» نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەڭرىنىڭ كۈلكىسى ـ كىچىك ئىشلاردا بۈيۈك پاراسەت» ناملىق كىتابتىن **يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدى** تەرجىمىسى

## كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت

بىر تىلەمچى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئايال خوجايىندىن سەدىقە بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بىچارە تىلەمچىنىڭ ئوڭ بىلىكى يوق بولۇپ، چاپىنىنىڭ يېڭى ھاۋادا پۇلاڭلاپ تۇرىدىكەن. تىلەمچىنىڭ بۇ ھالىتى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىكەن. بىراق ئۆي ئىگىسى بولغۇچى ئايال ئىچ ئاغرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە، تىلەمچىگە ئىشىك ئالدىدىكى بىر دۆۋە خىشنى كۆرسىتىپ: «ماڭا ياردەملىشىپ بۇ خىشلارنى ئۆينىڭ كەينىگە ئاپىرىشىپ بەرگىن» دەپتۇ.

«مېنىڭ بىر قولۇم بولمىسا، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىماقتا يوق، تېخى خىش يۆتكە دەۋاتىسىزغۇ، بىر نەرسە بەرگۈڭىز كەلمىسە بەرمىسىڭىزلا بولمامدىمۇ، ئادەمنى ئەخمەق قىلىپ نېمە قىلىسىز!» دەپتۇ تىلەمچى ئاچچىقلاپ.

ئەمما ئايال خوجايىن تىلەمچىنىڭ بۇ گېپىگە ئاچچىقلانماپتۇ، ئۇ بۇرۇلۇپلا ئۆزى خىش يۆتكەشكە باشلاپتۇ. ئۇ مەقسەتلىك ھالدا خىشنى بىر قولى بىلەن بىر يول يۆتكىگەندىن كېيىن، تىلەمچىگە دەپتۇ: «ماڭا قارا، بەزى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئىككىلا قولنى ئىشلىتىش شەرت ئەمەس، مەن قىلالىغان يەردە سەن نېمىشقا قىلالمايسەن؟»

تىلەمچى گەپ ـ سۆز قىلماي بىر دەم تۇرۇپ قاپتۇ، ئەمدى ئۇ ئايال خوجايىنغا باشقىچە نەزەر بىلەن قاراشقا باشلاپتۇ، پۈلتىيىپ چىققان بۇغدىيىكى نەچچە قېتىم يۇقىرى ـ تۆۋەن قىمىرلاپتۇ، ئاخىرى ئۇ يەرگە ئېڭىشىپ بىر قولى بىلەن خىش يۆتكەشكە باشلاپتۇ، ئۇ

بىر قېتىمدا پەقەت ئىككى پارچىلا خىش يۆتكىيەلەيدىكەن. ئۇ خىشلارنى توپتوغرا ئىككى سائەتتە ئاران يۆتكەپ بولغۇچە، ھېرىپ ھالى قالماپتۇ، يۈز - كۆزلىرى توپا بولۇپ، تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرى پېشانىسىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ.

ئايال ئاپپاق لۆڭگىدىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ تىلەمچىگە سۇنۇپتۇ، تىلەمچى لۆڭگىنى ئېلىپ يۈز - بويۇنلىرىنى سۈرتۈپتۇ، لۆڭگە قاپقارا بولۇپ كېتىپتۇ.

ئايال ئارقىدىن يەنە 20 يۈەن چىقىرىپ تىلەمچىگە بېرىپتۇ. تىلەمچى پۇلنى ئېلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.

«رەھمەت ئېيتمىساڭمۇ بولىدۇ، بۇ دېگەن سەن ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ تاپقان پۇل» دەپتۇ ئايال.

تىلەمچى: «مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، بۇ لۆڭگىنى ماڭا بېرىڭ، مەن خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قوياي» دەپتۇ ۋە پۈكلىنىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر تىلەمچى كەپتۇ. ھېلىقى ئايال بۇ تىلەمچىنى ئۆينىڭ كەينىدىكى خىشلارنى ئىشىك ئالدىغا يۆتكەپ بەرسە 20 يۈەن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئىككىلا قولى ساپساق بۇ تىلەمچى پەرۋامۇ قىلماستىن كېتىپ قاپتۇ، 20 يۈەننى ئاز كۆردىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم.

ئايالنىڭ بالىسى بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ ئاپىسىدىن سوراپتۇ: «ئۆتكەندە بىر تىلەمچىگە بۇ خىشلارنى ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆينىڭ كەينىگە ئاپارغۇزدىڭىز، ئەمدى بۇ تىلەمچىگە خىشلارنى يەنە ئۆينىڭ كەينىدىن ئالدىغا ئاپارغۇزماقچى بولۇۋاتىسىز، سىز زادى بۇ خىشلارنى ئۆينىڭ ئالدىغا قويماقچىمۇ ياكى ئۆينىڭ كەينىگە قويماقچىمۇ؟»

«خىشنى ئۆينىڭ ئالدىغا قويساقمۇ، كەينىگە قويساقمۇ بىز ئۈچۈن ئوخشاش، ئەمما يۆتكەش - يۆتكىمەسلىك تىلەمچىگە نىسبەتەن ئوخشاش ئەمەس» دەپتۇ ئايال.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نەچچە تىلەمچى كەپتۇ، ھېلىقى بىر دۆۋە خىشمۇ ئۆينىڭ ئالدى - كەينى ئارىلىقىدا يەنە نەچچە قېتىم يۆتكىلىپتۇ.

بىر قانچە يىلدىن كېيىن، بۇ ئۆيگە كاستۇم - بۇرۇلكا، پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئاياغ كىيگەن سالاپەتلىك بىرەيلەن كەپتۇ. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئۆزىگە ئىشەنچىسى كۈچلۈك، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارغا تولىمۇ ئوخشايدىكەن، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى بۇ ئادەمنىڭ پەقەت سول قولىلا بار بولۇپ، چاپىنىنىڭ بىر يېڭى ھاۋادا پۇلاڭلاپ تۇرىدىكەن.

ئۇ ئادەم ئېڭىشىپ تۇرۇپ، بىر ئاز قېرىلىق يەتكەن ئايالنى بىر قولى بىلەن تارتىپ تۇرۇپ: «ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز، ئېھتىمال مەن ھازىرغىچە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بولاتتىم، بىراق مەن ھازىر بىر شىركەتنىڭ باش مۇدىرى بولدۇم» دەپتۇ.

بۇ «تىلەمچى» ئايالنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ «بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولغان» دەپتۇ سوغۇققىنىلا.

باش مۇدىر ھېلىقى ئايالغا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە شەھەرگە كۆچۈپ بېرىشنى، شەھەرلىك بولۇپ راھەت كۆرۈشنى ئېيتىپتۇ.

«بىز سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمىز» دەپتۇ ئايال.

«نېمە ئۈچۈن؟»

«چۈنكى بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ ئىككىلا قولى بار.»

باش مۇدىر يەنىلا ئازابلانغان ھالدا:

«خانىم، سىز ماڭا ھەقىقىي ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتىڭىز، شەھەردە سىزگە تەييارلاپ قويغان ئۇ ئۆي ماڭا بەرگەن تەربىيەڭىز ئۈچۈن ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھەققىڭىز!»

خانىمنىڭ چىرايىغا ئاخىرى كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ:

«ئۇنداقتا سىز ئۇ ئۆينى بىر قولىمۇ يوق كىشىلەرگە سوۋغا قىلىۋېتىڭ!»

شۇنداق، بارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە تولغان تونۇشى ئوخشاش: بىرىنچىسى، مېھنەت قىلىش، ئىككىنچىسى، تەپەككۇر قىلىش. بىراق ئەتراپىمىزغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ ئىككى ئاساسىي پەزىلەتنى ئۆزىدە ھازىرلىغانلار زادى قانچىلىك؟ ئاتا - ئانا بولغۇچىلار پەرزەنتلىرىگە زادى نېمىلەرنى ئۆگىتىش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلەمدۇ - يوق؟

شەرھىي كالام: مەن باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۇقمايدىغان ئادەملەردىن ئەمەس، ئەمما مەن تىلەمچىلەرگە ئىتتىك پۇل بەرمەيمەن، مېنىڭچە ئەمگەك قىلىش پەقەت ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا بولماسلىقى كېرەك. ھەر قانداق بىر ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمگەك قىلىش، تەر تۆكۈش ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ ياشىشىدىكى بىرىنچى سەۋەبتۇر.

---

جاك جيەنفېڭ، خۇزۇچىڭلار تۈزگەن، «بۈگۈنكى دۇنيا» نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەگرىنىڭ كۈلكىسى—كىچىك ئىشلاردا بۈيۈك پاراسەت» ناملىق كىتابتىن **يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدى** تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

# ۋاقىتنى قەدىرلىگەنلىك ھاياتنى قەدىرلىگەنلىك

دۇن دۇن

يېرىم كېچە، خەتەرلىك كېسەللەر بۆلۈمىدىكى راك كېسەللى بىمارى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى بىلەن ۋىدالاشماقتا ئىدى، ئەزرائىل ئۆز قەدەملىدە بىمارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

بىمار ئوكسىگېن سۇمۇرگۈچىنى ئېلىۋېتىپ، ئىڭراپ تۇرۇپ: «ماڭا يەنە بىر مىنۇت ۋاقىت بېرىڭ، بولامدۇ؟» دېدى ئەزرائىلغا يېلىنغان ھالدا.

«بىر مىنۇت ۋاقىت بەرسەم نېمە ئىش قىلماقچى؟» سورىدى ئەزرائىل.

«بۇ بىر مىنۇتتا مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆك ئاسماننى، يەرلەرنى كۆرۈۋالاي، خىيالىمدا دوستلىرىم ۋە دۈشمەنلىرىم بىلەن كۆرۈشۈۋالاي ياكى بىر تال يوپۇرماقنىڭ شېخىدىن ئايرىلىپ يەرگە چۈشكەن چاغدىكى ئۈھسىنىشىنى تىڭشىۋالارمەن، تەلىيىم بولسا يەنە تېخى غۇنچە ھالەتتىكى بىرەر تال گۈلنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغىنىنى كۆرەلىشىممۇ مۇمكىن...» دەپ جاۋاب بەردى بىمار.

ئەزرائىل: «بۇ ئويۇڭغۇ توغرا، بىراق، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋېلىشىڭغا ۋە ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىشىڭغا يېتىپ ئاشقۇدەك ۋاقىت ئاللىقاچان بېرىلىپ بولغان. ئەمما سەن ئۇنىڭ قەدىرىگە يەتمىدىڭ، بۇ ئۆمرۈڭدە ھاياتىڭدىكى بىرەر كۈننى، بىرەر سائەتنى بۇگۈنكى مۇشۇ بىر مىنۇتنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىگىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئىشەنمىسەڭ سەن ئۈچۈن تۈزۈپ قويغان بۇ ھېسابات خاتىرىسىنى كۆرۈپ باقساڭ بولىدۇ:

سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ 60 يىللىق ھاياتىڭنىڭ يېرىمىنى ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزدۈڭ، بۇنى سەندىن كۆرمەيمەن، سېنىڭ ئويغاق ئىچىدە ئۆتكەن بۇ 30 يىل ۋاقتىڭدىن مەن پايدىلانغان بولۇپ تۇراي.

قالغان 30 يىلدا، سەن ‹ۋاقىتنى بەك ئاستا ئۆتتى› دەپ قاقشىغىنىڭ جەمئىي 10 مىڭ قېتىم بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە بىر قېتىمدىن توغرا كېلىدۇ. بۇ سېنىڭ باللىق چاغلىرىڭدا دەرسخانىدا ئولتۇرۇپ، ياشلىق چاغلىرىڭدا ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا قىزلارنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ، ئوتتۇز ياش مەزگىللىرىڭدە ئىشتىن چۈشۈشنىڭ ئالدىدا ۋە راۋۇرۇس ئەر بولۇپ يېتىلگەن مەزگىللىرىڭدە ئەمەلىڭنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتۈپ، ئەمەل تەمەسىدە يۈرگەن چاغلىرىڭدىكى قاقشاشلىرىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەن بۇ ئۆمرۈڭدە ئاساسەن كۈندە دېگۈدەك ۋاقىتنى بەك ئاستا ئۆتتۈۋاتقاندەك، ئىچىڭ سىقىلىپ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ كەلدىڭ ھەم مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقىرىپ، ۋاقىتنى تېزراق ئۆتكۈزۈشنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ چىقتىڭ. بۇنىڭ ئېنىق ھېسابىنى تۆۋەندىكىدەك چىقىرىپ قويدۇم:

ياش ۋاقتىڭدىن تارتىپ تاكى قېرىغىچە جەمئىي 6500 سائەت ۋاقىتنى (ھەر كۈنى ئىككى سائەتتىن ھېسابلىغاندا) ماجياڭ ئويناش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋەتتىڭ، بۇنى مىنۇتقا سۇندۇرساڭ 390 مىڭ مىنۇت بولىدۇ.

ياش ۋاقتىڭدىن تارتىپ قېرىغىچە ھاراق ئىچىشكە سەرپ قىلغان ۋاقتىڭنىڭ ھەر قېتىملىقىنى بىر سائەت دەپ ھېسابلىساق (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن جىق) ماجياڭ ئويناشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىڭدىن ئاز ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەتداشلار ئارا قىلىشقان مېھماندارچىلىق، خىزمەت ۋاقتىدا خاتىرجەم ھالدا NBA بىرلەشمە مۇسابىقىسى ياكى باشقا تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈش، بىر پارچە گېزىتنى تۈتقانچە ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇش، توختىماي تاماكا چېكىش، دېرىزىدىن ئايال خىزمەتداشلارنىڭ يوتىسىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇش، ئاللىكىملەر ئۈستىدە غەيۋەت - شىكايەت قىلىش... لار ئۈچۈنمۇ يەنە ماجياڭ ئويناش ۋە ھاراق ئىچىشلەرگە سەرپ قىلغان ۋاقىتتىن كۆپ ۋاقىتنى سەرپ قىلىۋەتتىڭ.

بۇلاردىن سىرت، تالاي قېتىملاپ ھاياتنىڭ ئەھمىيەتسىز، بىمەنە، زېرىكىشلىكلىكىدىن ئاغرىنىدىڭ، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئورۇنسىز ھالدا قولۇم - قوشنا، خىزمەتداش ۋە قول ئاستىڭدىكىلەرنى ئەتراپىڭغا يىغىۋېلىپ، ماجياڭ، قارتا ئويىنىدىڭ، ھەتتا ئۇششاق باللار بىلەن ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلارنى ئويناپ باقتىڭ، كېيىن يەنە ئېقىمغا ماسلىشىپ باشقىلاردىن تورغا چىقىشنى ئۆگەندىڭ، ئۆزۈڭگە ‹قاملاشقان يىگىت› دەپ ئىسىم قويۇۋېلىپ، ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت ۋاقتىڭنى ‹چايخانا› (توردىكى پاراڭخانا، كوت - كوتخانا) لاردا ئاللىقانداق راست - يالغان قىزلار بىلەن ھېسسىيات ئىزدەپ ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ.

تېلېفوننى قولۇڭغا بىر ئالساڭ سائەتلەپ قۇرۇق گەپ ساتتىڭ، ئىشىڭ بولمىسىمۇ كوچا ئايلىنىپ، لاغايلاپ يۈردۈڭ، يولدا باشقىلارنىڭ شاھمات ئوينىشىغا سائەتلەپ قاراپ تۇردۇڭ.

www.uyghurkitap.com

سەن يەنە ئادەمنى ئۈگدەك باستۇرىدىغان ساناقسىز قۇرۇق يىغىنلارنى ئاچتىڭ، مۇشۇ سەۋەبتىن سېنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىڭ 30 يىلدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى (تەمسىز يىغىن ئۈچۈن سەرپ بولغان ۋاقىت، ئەمەلىيەتتە ئۇيقۇ ئىچىدە ئۆتكەن ۋاقىت بىلەن ئوخشاش)، سەن يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن يىغىنلارغا رىياسەتچىلىك قىلدىڭ، نەتىجىدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسى ساڭا ئوخشاشلا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى، يەنە...»

ئەزرائىل داۋاملىق ئوقۇماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بىمارنىڭ كۆزلىرىدىكى ھاياتلىق شامىنىڭ ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئېغىر بىر خورسىنىپ شۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن ھايات ۋاقتىڭدا بىر مىنۇت ۋاقتىڭنى تېجەپ قېلىشنى ئويلىيالىغان بولساڭ، بۇ ھېساباتا خاتىرىسىنى ئاڭلاپ تۇگەتكەن بولاتتىڭ. تولىمۇ ئەپسۇس، مېنىڭ شۇنچە جاپالاردا قىلغان ئىشلىرىم يەنە بىكار بولدى. نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھەمىشە مەن قول سالماي تۇرۇپلا، ئۆزلىرى قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشىدۇ؟»

---

«ئەقىل ـ پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن

**يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدى تەرجىمىسى**

# توشقاننىڭ پاراستى

## جاك جون

بىر بۆرە ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆڭكۈر ئاغزىدا خەت يېزىپ ئولتۇرغان توشقاندىن سوراپتۇ: «توشقان، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟»

«ماقالە يېزىۋاتىمەن»

«نېمە تېمىدا؟»

«توشقان قانداق قىلىپ بۆرىنى يەۋەتتى؟» دېگەن تېمىدا.

بۆرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ. توشقان: «ئىشەنمىسەڭ مەن بىلەن ماڭ» دەپ بۆرىنى باشلاپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن توشقان ئۆزى يالغۇز قايتىپ چىقىپ، يەنە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

كېيىن بىر ياۋا توڭگۇز كېلىپ سوراپتۇ: «توشقان، نېمە يېزىۋاتىسەن؟»

«ماقالە يېزىۋاتىمەن»

«تېمىسى نېمە؟»

«توشقان قانداق قىلىپ ياۋا توڭگۇزنى يەۋەتتى؟»

ياۋا توڭگۇزمۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ، نەتىجىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، ئۆڭكۈردە بىر شىر ئاپپاق ئۇستىخانلار ئارىسىدا مەمنۇنلۇق ئىلكىدە چىشلىرىنى كوچىلىغاچ ئولتۇرۇپ، توشقان تاپشۇرغان ماقالىنى ئوقۇپ ئولتۇرغىدەك. «بىراۋغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، مۇھىمى ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ كىملىكىگە قاراش كېرەك.»

توشقان بىخەستەلىك قىلىپ بۇ مەخپىيەتلىكنى بىر دوستىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، نەتىجىدە بۇ خەۋەر پۈتۈن ئورمانلىققا تارقىلىپ كېتىپتۇ. شىر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ توشقاننى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر بۇ ھەپتە ئۆڭكۈرگە يېمەكلىك كىرمەيدىغان بولسا، مەن سېنى يەۋېتىمەن» دەپتۇ. بىچارە توشقان ئۆڭكۈر ئاغزىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، يەنە ماقالە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا بىر بۆغىچاق بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توشقاندىن سوراپتۇ:

«توشقان نېمە قىلىۋاتىسەن؟»

«ماقالە يېزىۋاتىمەن»

«تېمىسى نېمە؟»

«توشقان قانداق قىلىپ بۆرىنى يەۋەتتى؟»

«ھا... ھا...، بۇ ھېكايەڭنى پۈتۈن ئورمانلىقتىكىلەر بىلىدۇ، مېنى ئەخمەق قىلمەن دېمە، مەن ھەرگىز ئۆڭكۈرگە كىرمەيمەن.»

«مېنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، شىر ماڭا ئورنۇمغا ئادەم تېپىشنى ئېيتقان، ئەجەبا سەن بۇ ماقالىدىكى توشقاننىڭ ئورنىغا بۆغىنىڭ ئالمىشىشنى خالىمامسەن؟»

بۆغىچاق ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى يەنىلا توشقاننىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ئالدىنىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن توشقان ئۆزى يالغۇز قايتىپ چىقىپ، ماقالىسىنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تېمىسى «قانداق قىلغاندا تۆۋەندىكىلەرنىڭ خوجايىننى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ» دەپ قويۇلغان ئىكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شىر يوغىناپ، توشقان كىرگۈزگەن يېمەكلىككە قورسىقى تويمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ توشقانغا: «يېمەكلىكنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرمىساڭ بولمىدى، ئەگەر بىر ھەپتە ئىچىدە ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتمىسەڭ سېنى يەپ تاشلايمەن» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن توشقان يېمەكلىك تېپىش ئۈچۈن ئۆتكۈردىن ئايرىلىپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپتۇ. ئۇ بىر بۆرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «سەن توشقاننىڭ ھېچقانچە كۈچىمەيلا بۆرىنى يەۋەتكەنلىكىگە ئىشىنەمسەن؟» بۆرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توشقان بۆرىنى ئۆتكۈرگە باشلاپ بېرىپتۇ. توشقان ئورمانلىققا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا بىر ياۋا توڭگۇز ئۇچراپتۇ، «سەن توشقاننىڭ ھېچقانچە كۈچىمەيلا ياۋا توڭگۇزنى يەۋەتكەنلىكىگە ئىشىنەمسەن؟» سوراپتۇ توشقان. ياۋا توڭگۇز ئىشەنمەپتۇ، نەتىجىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ.

ئەسلىدە، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھايۋانلار توشقان بىلەن شىرنىڭ ھېكايىسىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا، شىر ئۆتكۈردە توشقاننىڭ يەنە بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇپتۇ، ماقالىنىڭ تېمىسى «قانداق قىلغاندا ئولتۇراق تىجارەتنىڭ سەييارە تىجارەتكە ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خوجايىننى تېخىمۇ كۆپ يېمەكلىك بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ» دەپ قويۇلغان ئىكەن.

توشقاننىڭ نامى ھەش - پەش دېگۈچە ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرىگە تاراپتۇ، چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى توشقاننىڭ ناھايىتى يامان بىر خوجايىنىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ. توشقان ئورمانلىقتا ئۆزى خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ھېچكىم ئۇنىڭ چىشىغا تېگەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توشقان ئۆزىنىڭ تاشپاقا بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن چاغدىكى ئاھانەتنى ئېسىگە ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاشپاقىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا: «ئۈچ كۈن ئىچىدە خوجايىنىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش!» دەپتۇ ۋە غادايغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. تاشپاقا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئازابلىنىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ بىر ئۈۋچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تاشپاقا بولغان ئىشنى ئۈۋچىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۈۋچى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئورمانلىقتا چوڭ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ:

ئۈۋچى شىر تېرىسىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا، تاشپاقا بىلەن بىللە توشقان گۆشى شورپىسى ئىچىپ ئولتۇرغىنىدەك، يەردە يېرىم ۋاراق قەغەزگە «غوجامنىڭ غوجىسى، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار» دېگەن خەتلەر قىڭغىر - قىيسىق يېزىلغانمىش.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئورمانلىق يەنە بۇرۇنقىدەك تىنچىپ قاپتۇ. توشقاننىڭ بۆرە يېگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىمۇ تېزلا كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

بىراق، بىر ياش يولۋاس بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېكايىدىن ئىلھام ئېلىپ بىر بۆكەننى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن توشقانغا ئوخشاش ماڭا ئۇزۇقلۇق تېپىپ بېرەلىسەڭ، مەن سېنى يېمەيمەن» دەپتۇ. بۆكەن ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپتۇ، يولۋاس خاتىرجەم ھالدا ئۆتكۈرگە كىرىپ يېتىپتۇ. بىراق ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۆكەن بىرەر ھايۋانىمۇ ئۆتكۈرگە ئەكەلمەپتۇ، يولۋاس زادى چىداپ بولالماي، ئەھۋالنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ، يولۋاس شۇ چاغدىلا بۆكەننىڭ ئاللىقاچان غايىب بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. يولۋاس قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، ئۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەرنى تۇيۇقسىز كۆرۈپتۇ. بۆكەنمۇ بىر پارچە ماقالە يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، تېمىسى «خوجايىنلىقنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قانداق قىلغاندا قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنى تۇتۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك» دەپ قويۇلغان ئىكەن.

---

«پەلسەپىۋى قائىدىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىللىق 7 - سانىدىن **يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدى** تەرجىمىسى.

تىلماچ: كۇچا ناھىيە ئۈچئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى

## پىلاتون ۋە يالغان ئالما

### مەتتىمىن ياقۇپ

بىر كۈنى سوقرات دەرس ۋاقتىدا بىر ئالمىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ساۋاقداشلار، سىنىپتىكى نېمىنىڭ پۇرىقى؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ. بىر ئوقۇغۇچى قول كۆتۈرۈپ:

— ئالمىنىڭ پۇرىقى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سوقرات ئالمىنى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بېرىپ:

— كۆپچىلىك، ئوبدانراق پۇراپ بېقىڭلار، سىنىپتا زادى ئالما پۇرىقى بارمۇ - يوق؟ — دەپتۇ.

بۇ چاغدا سىنىپتىكى زور كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچى «ئالما پۇرىقى بار» دەپ قول كۆتۈرۈپتۇ. سوقرات دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ يۇقىرىقى سوئالنى يەنە تەكرارلاپتۇ. بۇ چاغدا سىنىپتا بىرلا ئوقۇغۇچى قول كۆتۈرمەپتۇ. سوقرات قول كۆتۈرمىگەن ھېلىقى ئوقۇغۇچىدىن:

— سىز راستتىنلا ھېچنېمە پۇرىمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ

سوراپتۇ.

ئۇ ئوقۇغۇچى دادىللىق بىلەن:

ــ ماڭا راستىنلا ھېچنېمە پۈرىمىدى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوقرات دەرھال:

ــ ئۇنىڭ جاۋابى توغرا، چۈنكى بۇ يالغان ئالما،ــ دەپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچى دەل دۇنياغا داڭلىق پەلسەپە ئالىمى پىلاتون ئىدى.

سوقراتنىڭ قولىدىكى ھەقىقەتەن يالغان ئالما ئىدى، سوقرات ئۇنى ئالمىغا ئوخشىتىپ بويىۋالغان ئىدى.

ئۇنداقتا كۆپلىگەن ئوقۇغۇچى پۇرىيالىغان ئالما پۇرىقى نەدىن كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن باشقا ئوقۇغۇچىلار پۇرىيالىغان ئالما پۇرىقىنى پىلاتون سېزەلمەيدۇ؟ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دەل مۇشۇ يەردە. ساختىلىقلار كۆپىنچە پەردازلانغان بولىدۇ. بىر ئادەم ساختا ھەقىقەتنى «بۇ ھەقىقەت» دېسە، كۆپىنچە كىشى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ھەقىقەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ «بۇ ھەقىقەت ئەمەس» دېسىچۇ؟ بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى بىرلىكى پارچىلىنىدۇ، ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ قاراشقا قوشۇلىدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ھامان باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىسىدىن تۆۋەن بولىدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىغاندىن كۆرە، باشقىلارغا بەكرەك ئىشەنچ باغلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى تولىمۇ يېتەرسىز بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار باشقىلارغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ھاياتلىق سەپىرىدە كۆپلىگەن ئالدىنىپ قېلىشلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

گېپىمىزنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان بولساق، ھېلىقى دەسلەپتە قول كۆتۈرگەن ئوقۇغۇچى پۇرىيالىغان ئالما پۇرىقى ئۇنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ئالدىنىشىدىن كەلدى. گەرچە سىنىپتا ھېچقانداق ئالما پۇرىقى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇ ئالمىنى كۆرۈپلا، يەنى ئاددىي بىر جۈپ كۆزىنىڭ يۈزەكي كۆرۈشىگە تايىنىپلا پۇراش ئورگانلىرىغا يېقىنمۇ كەلمىگەن ئالما پۇرىقىنى پۇرىدىم، دەپ خاتا ھۆكۈم چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكىدىن كەلدى. ئۇ ئالمىنى كۆردى، ئالما بار جايدا چوقۇم ئالمىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى بولىدۇ دېگەن قاراشنىڭ خاتا يېتەكلىشىدە ئەسلىدە پۇراپمۇ باقمىغان ئالما پۇرىقىنى پۇرىدىم دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئالما پۇرىقىنى پۇرىمىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى. كۆپچىلىكمۇ ئۆزلىرىگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقتىن، دەل مانا مۇشۇ سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئوقۇغۇچىغا قارىغۇلارچە ئەگەشتى.

پىلاتونچۇ؟ ئۇ ئۆزىگە ئىشەندى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ھېچقانداق پۇراقنى سەزمىگەنلىكىنى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويالىدى، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىشتەك خاتالىقتىن ساقلىنالىدى، چىنلىقتا ھەقىقي ھۆرمەت قىلىپ، ھەقىقەتنى قوغدىيالىدى.

پىلاتون بىلەن يالغان ئالما بىزگە ھەقىقەتنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى بىلەن ھەقىقەتنى قانداق قوغداش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇھىم بىر بىلىمنى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقەت ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىدىن كېلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىگە ھەقىقي تۈردە ئىشەنگەندىلا، ھەقىقەتنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ھەقىقەت يولىدا جان پىدا قىلىش روھى بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقەتنى قوغدىغىلى بولىدۇ. ئەگەر سوقرات قولىدىكى ئالمىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغان بولسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى؟ جاۋاب شۇكى، كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ پىلاتوننى مەسخىرىگە كۆمۈپ تاشلىغان بولاتتى. پىلاتون ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاقىۋەتتە نېمە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمىدى. مانا بۇ بىزنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشتا قانداق شەرتنى ھازىرلىشىمىز زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ.

بىزنىڭ مەسىلىلەرنىڭ يۈزەكى تەرىپىدە توختاپ قېلىپ، ماھىيەتلىك قاتلىمىغا چۆكەلمەسلىكىمىز بىلىمىمىزنىڭ كەملىكىدىن بولسا، ماھىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى ئادىل ئوتتۇرىغا چىقىرالماسلىقىمىز، باشقىلارغا ئەگىشىپ كېتىپ، ھەقىقەتنى قوغدىيالماسلىقىمىز ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ كەملىكىدىن، يۈرەكسىزلىكىمىزدىن بولىدۇ. ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى كۈچەيتىشتە بولسا، پىسخىك تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىشىمىز، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەكرار ـ تەكرار چېنىقىش ئارقىلىق ھەقىقي تاۋلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر تېپىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى قولغا كەلتۈرۈش ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنىڭ، ھەقىقەتنى قوغداش ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئاساسى. بىز پەقەت پىسخىك تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىمىزگە قەتئىي ئىشەنچ باغلىيالايدىغانلا بولساق، ھەقىقەتنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايمىز. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ھەقىقەت يولىغا باشلاپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاكتىپ تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بولالايمىز.

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

www.uyghurkitap.com

# جانلىق تەربىيە

ئېسىل كىشىلەر ئەل قەلبىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئېپلاس، مۇناپىق كىشىلەر ئەل قەلبىنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلانغان بولىدۇ.

بىر ئادەم رەسسامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قەدىمدە ئۆتكەن، قەلبىدە ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالغان، بىر مەشھۇر كىشىنىڭ رەسىمىنى كىچىكراق قىلىپ سىزدۇرۇپ، ئاخىرىدا يەنە، قەلبىدە لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلانغان، مەلئۇن، ئېپلاس بىرقانچە كىشىنىڭ رەسىمىنى چوڭراق قىلىپ سىزدۇرۇپ، رەسىملەرنىڭ ئاستىغا ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىش ـ ئەمەللىرىنى چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن يازدۇرۇپتۇ. رەسسام ئۇ كىشىدىن ھەيران بولۇپ: «سىز ئاۋۋال سىزدۇرغان مەشھۇر ئادەمنىڭ رەسىمىنى كىچىك ھەم ئاران بىر پارچە سىزدۇردىڭىز، كېيىن سىزدۇرغان ئەسكى ئادەملەرنى ھەم چوڭ ھەم كۆپ سىزدۇردىڭىز، بۇنىڭدا قانداق مەنە بار» دەپ، سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ: «رەسىملەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە كەلسەك، ئادەم ھەممىدىن ئۆگىنىپ بولالمايدۇ، چوقۇم بىرنى ئۆرنەك قىلىشى، يەنى كۆپتىن ئىبرەت ئېلىپ، بىردىن ئۆگىنىشى كېرەك. ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئەڭ توغرا دەپ قارىغان كىشىنىڭ يولىدىن مېڭىش، مۇشۇ يولدا خاتالاشماسلىق ئۈچۈن كۆپ كىشىلەردىن ئىبرەت ئېلىش دېگەنلىك. ئەمدى ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە كەلسەك، ياخشىلارنىڭ ئوبرازى سۈرەتتە ئەمەس قەلبتە بولىدۇ، سۈرىتى كىچىك بولغان تەقدىردىمۇ قەلبىمدىكى ئورنى ناھايىتى چوڭ بولغان بولىدۇ. يەنە بىر سەۋەب، ياخشى كىشىنىڭ رەسىمىنى ئۆيۈمگە ئاپارسام، ئۆيۈمدىكىلەر بىر يەرگە قويۇشقا تاقىشىپ قالسا، چوڭكەن، بىئەپكەن دەپ قالماسلىقى، ئۇشۇق جايلىرىنى يىرتىۋەتمەسلىكى، مەڭگۈ تۆردە ئاسراپ ساقلىنىشى ئۈچۈندۇر، ئېپلاس كىشىلەرنىڭ رەسىملىرى ئەپ كەلمىسە يىرتىپ ئەپ كەلتۈرسەكمۇ، بىرەرسى يىرتىلىپ يوقاپ كەتسىمۇ ھېچقىسى يوق» دەپتۇ. رەسسام يەنە ئۇ كىشىدىن: «بۇلارنى بىر يەردە قويسىڭىز قانداق ئەھمىيىتى بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى يەنە: «ئەپ كەلسە، ھۆرمەتلىك كىشىمنى ئەڭ چوققىغا، قولۇم يەتمەيدىغان يەرگە، قالغانلىرىنى ئاستىغا، قولۇم يېتىدىغان يەرگە ئاسىمەن، ھۆرمەتلىك كىشىنى ئەپ كەلمىسىمۇ، ئەپ كەلتۈرىمەن، قالغانلىرىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە ئېسىپ قويىمەن. ئويلاپ بېقىڭ، ياخشى بىلەن يامانىنى بىر يەردە قويۇپ سېلىشتۇرساق، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، باشقىلارنى ئاسانلا ھەقىقىي تەربىيەگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ياخشىلارنىڭ گېپىنى قىلىۋەرسەكمۇ ئاڭلىغۇچى زېرىكىپ قالىدۇ. ياخشىلاردىن تەربىيە ئېلىش بىلەن تەڭ يامانلاردىن ئىبرەت ئالغاندا، تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. ھەر قېتىم ياخشى كىشى توغرىلىق سۆزلىسەم، ئۇنىڭ رەسىمىگە قولۇمنى سوزۇپ تۇرۇپ، ماختاپ چۈشەندۈرۈپ، قەلبىمدىكى چوڭقۇر مېھرى ـ مۇھەببەت، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى ئىشەندۈرۈپ، مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى قوزغايمەن. ئەمما، ماۋۇ ئېپلاس كىشىلەر توغرىسىدا سۆزلىسەم، ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە تۈكۈرۈپ، قولۇمنى سانجىپ تۇرۇپ، تېپىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى ئىشەندۈرۈپ، غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايمەن. ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىم ئاڭلىغۇچىلارنى قايىل قىلىدۇ، غەزەپ ـ نەپرىتىم جاسارىتىنى قوزغايدۇ. باشقىلارغا تەربىيە قىلغاندا، ئاڭلىغۇچىلار مەڭگۈ ئۆرنەك قىلغۇدەك ياخشى كىشىلەر بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلار غەزەپلەنگۈدەك ۋە نومۇس قىلغۇدەك كىشىلەرمۇ بولۇشى كېرەك. قايىللىق بىلەن جاسارەتنى تەڭ قوزغىيالىغان تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇر بولىدۇ» دەپتۇ. رەسسام يەنە: «بۇلارنى كىمگە كۆرسىتىسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى: «بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىمگە كۆرسىتىپ تەربىيە ھەم ئىبرەت قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قورالىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر



# هاشىم پىچەت

(ھېكايە)

ئۆمەرجان ئوبۇل (ئارمان)

جاندىن ئۆتىدىغان قىش سوغۇقى بىر ھەپتىدىن بۇيان توختىماي ياققان قار تۇپەيلىدىن تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، كوچا ـ كويلاردىكى بىكار تەلەپلەردىن تارتىپ، ئەتىدىن كەچكىچە كوچا ئايلىنىش بىلەن خىيالى ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر دۇنياسىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئەخمەقلەر، يايمىكەشلەر، يۈرىكىدىكى تىنىمسىز ئوتلۇق ھەۋەسلەر ۋە تاقابىل تۇرغۇسىز سېھرىي كۈچلەرنىڭ تۈرتكىسىدە كەڭرى تەبىئەتنىڭ پىنھان قۇچاقلىرىدا شېرىن مۇھەببەت ئىزھارلىرى بىلەن مەست بولۇشنى ئىستەيدىغان قىز ـ يىگىتلەر، بەرىكەتلىك زېمىندىن رىزقىنى تېپىپ يەيدىغان چىدامىلىق دېھقانلارغىچە جانغا دالدا بولغۇدەك ئىسسىق ماكانلىرىغا قايتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا سانسىزلىغان ئۆيلەر ھايات ھەممەتلىرىدىن بەھرە ئېلىپ ئىللىقلىققا تولغان بولسىمۇ يەنە بەزى ئائىلىلەردە زېمىستان قىشنىڭ، مۇدھىش سوغۇقنىڭ ئاچچىق ھاۋاسى ھامان ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشىدە رەھىمسىز نەشتىرىنى سانجىشقا ئالدىرايتتى.

تاپىنىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان قېلىن، كونا جۇۋا بىلەن ئېگىز، ئورۇق گەۋدىسىنى مىڭ جاپادا مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقان سايىم موزدۇز ياقىسىنى پات ـ پات ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئاللىقانداقتۇر خىياللار ئىلكىدە ئاپپاق قار ئۈستىگە غاچىلدىتىپ دەسسەيتتى. ئۇ ئازغان، جىگدە شاخلىرى بىلەن قاشالانغان ھويلا تېمىنى

تۇرمۇش سۇرەتلىرى

بويلاپ كېلىپ، قار ئىچىگە چۆكۈپ كېتەيلا دەپ قالغان پاكار ئەگىنەك ئىشىكنى خېلى تەستە ئاچتى ـ دە، ھاياتلىق ئىزناسى بارلىقىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان بار ـ يوقى ئىككى ئېغىزلا قەدىمىي ئۆي ئىچىگە كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا كىرىپ كەلدى.

ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بۇيان بىرەر ئىنس ـ جىنىنىڭ ئىسسىق چىرايىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالماي، ئۈمىدسىز كەيپىياتتا نېپىز ھەم يىرتىق يوتقان ـ كۆرپە ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتقان مەۋۇتخان ئانا بوسۇغىسىغا ئادەم يولىغانلىقىدىن خۇشال بولغاندەك كەيپىياتتا، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان غېرىب گەۋدىسىنى بىر ئاز ئۆرە قىلىپ، توپا قويۇلۇپ تۇرغان تامغا يۆلەندى.

ــ كەلسىلە سايىماخۇن كەلسىلە، ئاستىمغا كۆرپە سالمىدى دەپ رەنجىمىسىلە، قېرىپ، مۇكچىيىپ، مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق، ئەدناسى ھالىمىزدىن كەتتۇق دېسىلە ئەمدى، قانداق، باللار تىنچ ـ ئامان تۇرغاندۇ؟ سىرتلاردا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ئۆزى، ھېچ خەۋەرسىزمەن.

ــ ئوبدان، مەۋۇتاچا، ئوبدان، ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇپلا، قوزغالماي يېتىۋەرسىلە ياخشى بولاتتى. كۆرپە سالمىسىلا كارايىتى چاغلىق. ئەسلىدە بىز سىلىدەك تەۋەررۈك ئانىمىزنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، ھاللىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمدى شۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ، ئۆزلىرىگە قارىيالماي قاپتۇق ئەمەسمۇ؟ ئۆزرىلىكمىز بۇ

ئىشتا، قېنى بۇ ئاشنى ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا، مەن سىلىگە قوشۇق ئەكىپ بېرەي.— ئۇ شۇنداق دېگەچ، بىرقانچە نان بىلەن كورىدىكى سۈيۇقئاشنى مەۋۇتخان موماينىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، تۆشۈك تىرەپكە يۈزلەندى. قازان ئىچىگە ئۈچ چىنە بىلەن بىرقانچە قوشۇق سېلىپ تۆۋاق يېپىپ قويۇلغان بولۇپ، قازاننىڭ دىلقاياشى بولغان ئوچاق ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بويۇن قىسىپ تۇرغان مايماق سېۋەت ئىچىدىكى ئىككى ئاش پىشمىغىنى يەتمەيدىغان قوناق مەدىكى كىشى كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلاتتى، غەش قىلاتتىلا ئەمەس، مۇشۇنداق ۋەھىمىلىك سوغۇقتا يېقىلغۇغا تەشنا ئوت، ئوتقا تەشنا ئوچاق، ئىسسىققا، ئىللىقلىققا موھتاج ئۆي ۋە بىر مىسكىن تەننى قىش دەھشىتىدىن ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىغا ئاستا- ئاستا يېقىنلاشتۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، يۈرەكلەرنى ئەلەمزادە قىلاتتى. سايىم مۇزدۇز مۇز ئىچىگە ئويۇپ كەتكەن قوشۇقنى خېلى تەستە ئاجرىتىپ تېخىمۇ ئەندىكتى. ۋاي خۇدايىم، نېمە كارامەت بۇ، ئۆي ئىچىدىكى قازاندىكى سۇغا مۇز تۇتۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا بۇ موماينىڭ توڭلىمىدىم دېگىنىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ خىيالنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى مۇنداق كۆڭۈلسىز خىيالدىن كۆرە بىرەر ئەمەلىي ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنى، روھىنى ئىللىتىش كېرەكقۇ، ئىنسان ئىنسانلىقى بىلەن ئاجىز، مىسكىنلەرگە قاياش بولمىسا ئۇنىڭ هايۋاندىن نېمە پەرقى بار؟

— هاشىماخۇن كۆرۈنمەيدىغۇ مەۋۇتخناچا، قىرىقتىن ئېشىپ ساقىلىغا ئاق كىرگەندىمۇ تالادىن قالمىدىمۇ نېمە ئۇ بالا؟— سايىم مۇزدۇز ئالىقاچان ئوتتۇرا ياشلاردىن هالقىپ كەتكەن بولسىمۇ تېخىچە هوشىنى تاپماي ياكى بىرەر ئايال زاتى بىلەن ئەپ ئۆتۈپ تۇرمۇشنى تەرتىپكە سالماي، گوداڭخانىلاردا يۈندى پۇراپ يۈرۈيدىغان ئىت كەبى بىسەرەمجان هايات كەچۈرىدىغان غەلىتە مىجەزلىك هاشىم پاخپاقتىن ئۆزىنىڭلا ئەمەس يۇرت - مەھەللە، ھەققەمسايىلەرنىڭمۇ قاتتىق خاپا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولدىيۇ، بۇ ئۆيگە ئىللىقلىق ئېلىپ كىرىمەن دېگەن مەقسەتتىن چەتنەپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى بولغاي، گەپنى يەنىلا چىرايلىق تەرەپكە بۇراش بىلەن ئاخىرقى مەقستىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە هاشىماخۇن بالامغا كۆز تەگدىمۇ ياكى جىن چاپلاشتىمۇ بىلمىدىم. قارىسام كۆزۈمگە هېلتىنىلا يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان كىشىدەك چۈشكۈن، مىسكىن چىراي كۆرۈنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدىغۇ تاڭدى. مانا هازىر ئۈچ ھەپتىدىن ئېشىپتۇ ئۇنىڭ شۇ بىچارە چىرايىنى كۆرمىگىلى، نەلەردە، كىملەرنىڭ ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ، بويۇن قىسىپ يۈرۈيدىغاندۇ دەپ ۋايىم يېيىشتىن باشقا غېمىم يوققۇ مەندە. ئىزدەپ چىقاي دېسەم، تەنىدە ماغدۇر يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇت سوغۇق هېچبىر تالاغا ئىمكان بېرىدىغاندەك ئەمەس، ئىسست، ئىسست، تۇزۇككىنە بىر بالا نېمە كويلار بىلەن مۇشۇنداق هالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلەلمىدۇققۇ ئۆزى، خۇدا بىر يولغا سالار ئىگەكىم... —موماينىڭ ئولتۇرۇشۇپ، يوقلىپ كېتەيلا دەپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرىگە ياش تامچىلىرى يامراپ كەلدى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا مەۋۇتخناچا، شۇ هاشىماخۇندەك بىتەلەيلەرگىمۇ خۇدايىم ئاسانلىق بېرەر، ئەمدى ئۆزلىرىگە مۇنداق بىر گەپنى دېگىلى كىرگەن ئىدىم. ھە قېنى كورىدىكى ئاشنى تۆگىتىپ ئىچسىلە، ساقلىسىلا سوۋۇپ مەززىسى قاچىدۇ ئۇنىڭ، خوش تەقسىر، گېپىمنى ئۇلسام، مەھەللە باشقارمىدىن بەشتە كاپالەت ئائىلە، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلە، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى سوغۇقتىن ئامان - ئېسەن ئۆتكۈۋالسۇن دەپ ئۆچيۈز كىلودىن كۆمۈر تارقىتىپتىكەن، بىزگىمۇ، سىلىگىمۇ باركەن، قاراپ باقسام بىرقانچە كۈندىن بېرى مورىلىرىدىن هېچبىر تۈتۈن چىققىنىنى كۆرمىدۇق، شۇڭا بىزگە بەرگىنىنىمۇ قوشۇپلا سىلىنىڭ ئۆيگە تۆكۈۋېتەيلى دەپ ئويلىغان.

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئۇنداق قىلساق باللارنىڭ رىزقىنى بىز يەۋالغان بولمايمىزمۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرىنىڭكىسى ئۆزلىرىگە قالسۇن. بىزگىمۇ خۇدايىم بېرەر. مانا ھۆكۈمەت بىر ئوبدان بېشىمىزنى سىيلاپ تۇرۇپتىغۇ؟

— قوشنىدارچىلىقتا بىزنىڭ رىزقىمىز بىراۋنىڭ رىزقى دەپ ئايرىپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوققۇ، بىزگىمۇ يەتكۈدەك تۇرۇپتۇ. كۆز يېشىدىلا ئەرزان ۋاقتىنى تاللاپ، ئىككى توننا كۆمۈرنى بىراقلا ئەكىرىۋالغانىكەنمىز، بۇمىغۇ ئارتۇقلۇق قىلماس، شۇنداقتىمۇ ھۆكۈمەت يەرنىڭ مو بېشىغا، تىجارەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ تۇرۇپ كويلاپ - كويلاپ يىغقان بۇ پۇلنى ئىگە - چاقىسىز، تۇل، يېتىملەرگە ئاتىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بىزلەرنىڭ قولىمىزدىنمۇ هالال جايىنى تېپىشى كېرەكتە، شۇنداقمۇ مەۋۇتخناچا، ھە شۇنداق دەۋەرسىلە. شۇنداق بولغاندىكىن مەن ئۇنى

ئارتۇقلا ئۆيۈمگە تۆكۈۋالسام گۇناھ بولىدۇ. يامان يېرى سىلىدەك پەرىشتە سۈپەت ئانىلىرىمىزنىڭ قىشتىن چىقالماي قىلىشى بىز ئۈچۈن نومۇستە، شۇ ۋەجى ماۋۇ ھاشىماخۇننى ئۆيدە بولسا بىرەر نەرسە كىرا قىلىپ بىللە ئەپكىرەيلىمىكىن دەپ ئويلىغان دىسىلە. بوپتۇ ئۆزۈملا بىر ئامالىنى قىلاي. ئالمارا بالا كىرگۈدەك بولسا مەھەللە باشقارمىسىغىلا چىقارتىسىلا ياكى بولمىسا مەشنى قۇرغاچ تۇرسىمۇ كۇپايە. مەن چىقتىم ئەمىسە، سەل تۇرۇپ كىرگەندە بۇ ئۆيلىرىنى شۇنداق بىر ئىسسىتايلىكى، بىردەم بولسىمۇ جانلىرىنى ئارام تاپقۇزايلى.

ئېگىز، ھەيۋەتلىك ئادەم تۆگىدەك لوڭۇلداپ دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى، ئۆي ئىچىنى گويا ئوتنىڭ ھارارىتىدىنمۇ بەكرەك ئىللىق كەيپىيات قاپلىدى. ئەدناسى مومايىنىڭ كۆڭلى كۆرۈشمىگىلى ناھايىتى ئۇزاق زامان بولغان ئاتا ـ ئانا سۈپەت ئۇلۇغ كىشىلىرى ئۈچۈپ كەلگەندەك تەسۋىرلىگۈسىز مېھىر لەززىتىگە چۆمگەندەك بولدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى مەڭگۈ ئۇۋلاپ ئۆتىدىغىنى يەنىلا بالا مۇھەببىتى، بالا غېمى، بالا دەردى. ئەپسۇس، ئاشۇ بالا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىباھا خىسلەتنى، تەڭداشسىز سۆيگۈ مەۋجۇتلۇقىنى خاھ كۆڭلىدە، خاھ ئەمەلىيىتىدە، خاھ چۈشىدە بولسىمۇ بىرەر قېتىم ناگىرىم تۇيغۇلار ئىچىدە ھېس قىلىپ باققان بولسا ئىدى كاشكى.

※ ※ ※

ھاشىم پاخپاقنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلمىگىنىگە بىرقانچە كۈن بولغان ئىدى، تەلىيى ئوڭدىن كەلمىدى دېگەندە ئۇنى قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويدى ياكى تىجارەتتە ئوڭدا چۈشتى، دۇكىنى خېرىدارسىز قالدى، يېرى ئاق، زىرائىتى ئالا چىقىپ قالدى دېگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قانغۇدەك ھاراق ئىچىپ تازا بىر پۇخادىن چىقىۋالمىغىنىغا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولغان ئىدى. شۇڭا كەيپى ناچار، قاپىقىدىن مۇز ياغقان ھالدا خىيالچان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاياغ بېسىپ باقمىغىنىغا بىرقانچە ھەپتىدىن ئاشقان مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى مۇشۇنداق ئوسال ئەھۋالغا قېلىپ ئۆيگە كىرگىنىدە كۆرپىسىدە تۈگۈلۈپ ياتقان كېسەل ئانىسى ياداڭغۇ يۈزلىرىگە رازىمەنلىك كۈلكىسى يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ قارشى ئالغان ئىدى. لېكىن ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۆي ئىچىدىكى قولغا چىققۇدەك ئەڭ ئاخىرقى بىسات بولغان ئوتۇن يارىدىغان كونا كەكە، بىردانە پۇچۇق ئامبۇر، چاشقان مايىقىدىن باشقا نەرسە قالمىغان قەدىمىي ياغاچ ساندۇق ئىچىدە مۆكۈنۈپ ياتقان مىس لېگەن، تاختا بېشىدا توپا بېسىپ تۇرۇپ كەتكەن بىرقانچە پارچە كىتاب دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بىردانە يىرتىق تاغارغا قاچىلىدى ـ دە، قانداق تېز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن ئىشىك تەرەپكە يۈزلەندى. ئەمما بۇ چاغدا ئانا ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

ــ بېرى كەل بالام، ــ ھاشىمنىڭ نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقان يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ، «نېمە، سەن مېنىڭ ئىشلىرىمغا پۇتلىكاشاڭ بولماقچىمۇ» دېگەندەك نارازى كەيپىياتتا ئانىسىنىڭ ئۆمىدلىك چىرايىغا ھوميىش بىلەن ئىپادە قايتۇردى، ــ كېلە بالام، خۇددى سېنىڭ كېلىدىغىنىڭنى بىلگەندەك قوشنىلار ئارقا ـ ئارقىدىن مۇنۇ ئۈچ چىنە ئاشنى كۆتۈرۈپ كىرىشىپتۇ، تۇغقاندىن چارە، خىزىرىدىن ئۇلۇغ كىشىلەردە بۇ، سەن بولمىغاچقا يېرىم چىنىسى ئاران گېلىمدىن ئۆتتى. سېنى پەيدا بولۇپ قالارمۇ دېگەن تەمە بىلەن ياتسام خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزگەندەك بولدى. ھە، قېنى ئىسسىقىدا يەۋال،ــ ھاشىمنىڭ ئىسلىنىشىپ كەتكەن موردەك كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

ــ ئەجەب بەلەنسەن ھە ئانا، مېنى سەندىنمۇ ئارتۇق چۈشىنىدىغان ئادەم بارمىدۇ بۇ دۇنيادا؟ ئەكەل، سەن يېمىگەن ئاشنى مەنلا يەۋېتەي، قالغىنىنى ئېلىۋېلىپ باللار بىلەن يەرمىز، ــ ئۇ شۇنداق دېگەچ ئانىسى ئاشۇرۇپ قويغان يېرىم چىنە لەڭمەننى بىتايىن ئىشتىھا بىلەن يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن قالغان ئىككى چىنە ئاشنى ئىككى سولياۋ خالتا ئىچىگە چىنىسى بىلەنلا جايلاشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى.

ــ نەگە ئالدىرايسەن بالام، كەچتە بالدۇرراق كىرگىن... ــ لېكىن بۇنداق ئۆتۈنۈش، تىلەكلەر ھاشىمنىڭ قۇلىقىدىن يىراق ئىدى.

ياغاچ پارچىلىرىنى قالايمىقان مىخلاپ، ئۈستىگە يەشىكنىڭ كارتون قەغەزلىرىنى چاپلاش بىلەن بىراز ئىسسىقتەكە كىرگەن بولسىمۇ، ھەر كۈنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاشۇنداق ئاۋارە ھەم ئۆلەرمەن كىشىلەردىن خېلى كۆپىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە تامامەن قادىر بولۇپ كېلىۋاتقان پۇكەي مانا ھازىر يەنە كونا خېرىدارىنى سوغۇق چىراي كۈتۈۋالدى.

ــ نېمە، بۈگۈن تاماق كۆتۈرۈپ كەپسەنغۇ ھاشىم، مېنى ئاچ قالدىمىكىن دېمىگەنسەن ھە؟

ــ يوقسۇ لوبەن، ئەمدى ئېۋۇ كۈچۈكلىرىگە

بولسىمۇ بىرەرمىكىن دەپ شۇ.

— ھە، مۇنداق دە، كوچۇكۇمنى ياد ئەتكىنىڭ ياخشى بوپتىغۇ، ئۇنىڭغا ھاراق بەرسە ئىچمەيدۇ— دە، ئەلۋەتتە.

قارىماققا بىر كۆزنى داۋاملىق قىسىۋالىدىغان ئادىتى بىلەن يەكچەشمىدەكلا كۆرۈنىدىغان مەيپۇرۇش ياغاچ يۈزىگە سەل كۈلكە يۈگۈرتكەندەك بولۇپ، ئىككى چىنە ئاشنى ھاشىمنىڭ قولىدىن يۇلۇپلا ئالدى — دە، قاۋاقخانىنىڭ بۇلۇڭىدا بىر — بىرىنى يالىشىپ ياتقان كوچۇكلەرنىڭ قاچىسىغا تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن، چىنىنى چايقاپ، تىزغىچ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى، ئاندىن يۈز گىراملىق رومكىدىن ئىككىنى لىقلاپ، ھاشىمنىڭ ئالدىغا ئىتتىردى.

— چىنىسىگىچۇ لوبەن، چىنىسىگىمۇ بىرەرلا ئەمدى، تالادا يېرىم لەگمەن تۆت كوي بولۇۋاتىدۇيا شۇ؟

— بوپتۇ يەنە بىر رومكا قوشۇپ بىرەي. بىراقزە ئاۋۇ خالتاڭدىكىنى ئېلىپ كېتىپ قالما ھە،— ھاشىمنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ رومكا ھاراقنى شاھ ھۇزۇرى بىلەن تازا پەيزى قىلىپ ئىچكەندىن كېيىن، ئامبۇرنى بىر رومكا، كەكىنى بەش رومكا، مىس لېگەننى ئالتە رومكا، كونا كىتابلارنى بىر بوتۇلكا ھاراق ھېسابىغا گۆرۈگە قويۇپ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئىچىدىغانغا كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، شىركەيپ ھالەتتە دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

«كاتتا، ئېسىل لوبەندە بۇ، بىر نان تېپىپ كىرسەڭمۇ، بىر كەتمەن، بىر تال مەشىنىڭ كانىيى، بىر تال چېلەك، بىر چىنە ئاش، بىر پارچە كىتاب، بىر تاۋۇز، بىرەر قوغۇن... ئىشقىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغانلا نەرسە بولسا ئۇنىڭدىن ھاراق ئېلىپ ئىچكىلى بولىدۇ، ئەمما ھېچنېمەڭ بولمىسا... توپىي چۇپەي لوبەن، بۇنداق پىتلىق ماكاندا بىزلەردەك يالاڭ تۆشلەرنىڭ بولغىنى ساڭا ياخشى، بولمىسا كىم كىرەتتى بۇ ئىت ياتمايدىغان كەپەڭگە!» ئۇ ئۆز — ئۆزىگە ئاشۇنداق ئېغى، بېغى يوق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بەرگەچ، قانداقتۇر بىر كونا ئاھاڭدىكى ناخشىغا غىڭشىپ كېتىپ قالدى، لېكىن ئۇ كەچ كىرگەندە يەنە ھجايغىنچە قاۋاق ئىچىدە پەيدا بولدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىم ئۇنىڭ تاپقانلىرى ئىلگىرى— ئاخىرى بولۇپ بىر ھەپتىگە پايلىدى. «مۇشۇنداق چېكىلىشىپ كېتىۋاتقان زاماندا بىر ھەپتە يەتكۈدەك نېسۋە تېپىپ ئىچمەكمۇ تەس جۇمۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن خېلى تەلەيلىكتەك قىلىمەن.» ئەمما كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، نېسۋىگە يارايدىغان ئوبدانراق نەرسە تاپالمىغاچقا، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، بىرئاز جۆدۈنى تۇتتى — دە، تەۋەككۇل دەپ، تام ياقىلاپ مېڭىپ، كىشىلەرنىڭ تالادا ئۇنتۇپ قالغان كەكە، پالتا، كونا ئورۇندۇق، ئۇششاق باللارنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقلىرى، توپ، تۆشۈك چېلەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى، ئەمما ھازىر قىش ۋاقتى بولغاچقا تەييارلا ئالدىغا ئۇچرايدىغان نەرسىلەرمۇ ھېچ بولمىغاندا ھويلا— ئاراملاردىن ماكان تاپقاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قايسى بىر كومۇرچىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن تالادا قويۇپ قويغان قول ھارۋىسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى بىر كېچە بېقىپ ياتقاندىن كېيىن ئەتىسى كونا تومۇر ئالىدىغانلارغا ئەللىك كويغا سېتىپ، يەنە بىر ھەپتىنىڭ غېمىنى ئوبدانلا قىلىۋالدى.

ۋاھ، ھەپتە — ھەپتىلەپ مەست يۈرۈش نېمىدېگەن راھەت ھە، دۇنيانىڭ غەم — قايغۇسىنى، ئەتە نېمىش قىلىدىغانلىقىڭنى، خوتۇن ئېلىپ، ئۆيلۈك — ئوچاقلىق بولۇشنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى قەتئىي ئويلىمايسەن، ھەممىشە جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرگەندەك خۇشال ياشايسەن...

تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۇنداق مۆجىزە خاراكتېرلىك ئوي — خىياللىرى مانا بۇگۈن پۈتۈنلەي بىتچىت بولۇپ بەئەينى كۆپۈك كەبى تارقاپ كەتكەندەك قىلاتتى. نېمىشقا دېسىڭىز ئىچكۈدەك ھاراق، ھاراققا تېگىشكۈدەك نەرسە، نەرسە تاپقۇدەك ئەپلىك پۇرسەت يوق. مانا كاساپەت قار توختىماي يېغىپ، بارلىق جايلارنى ئاپپاق قىلىۋەتتى، بۇنداق ھالەتتە «چارلاش» ئېلىپ بارسا ئىزى قار ئۈستىگە مۆھۈر باسقاندەكلا چىقىپ، قاق بالانى تېرىيدىغان گەپ. ھازىر ئۇنىڭ روھىنىڭ شۇنچە چۈشكۈن بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ بولسا كېرەك. شۇ ھالدا ئۇ ئالدىدا خادا قۇيۇندەكلا پەيدا بولغان سايىم موزدۇزغا ئۇچراپ قالدى.

— ھە ھاشىم پاخپاق، كەلدىڭمۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا پاخپاقتەك ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ يىرتىلىپ ماجالىڭ قالمىغاندا ئۆيۈڭنى پاناھ تارتىپ كەپسەندە، ئوغۇل بالا دېگەن ئاۋۇ يېغى يوق شوۋىنى ئازراق ئىچىدىغان، بولمىسا يۈرەكنىڭ، كۆزنىڭ خۇنى تۆكەپ، ياغسىرىغان چىراغتەك بۇرۇنلا ئۆچۈپ قالىدىغان گەپ. بولدى، ساڭا بۇنداق گەپلەر ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا سۇناي چالغاندەك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ كەتتىغۇ شۇ. ئەڭ ياخشىسى ياقىدىغانراق گەپنى قىلاي، مەھەللە باشقارمىسىدىن تارقاتقان كومۇرنى ئۆزۈڭ بېرىپ

www.uyghurkitap.com

ئەكىلىۋالامسەن ياكى مەن ئەكىرىپ بېرەمەنمۇ ئۆزى؟ــ سايىم موزدۇزنىڭ زەردە بىلەن قىلغان سۆزى ھاشىمنىڭ گالۋاڭلىشىپ كەتكەن كاللىسىنى بىر پەس گاڭگىرىتىپ قويدى ـ دە، بىر ھازاغىچە خۇددى بىراۋ چۈشىنىكسىز تىلدا سۆزلەۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى.

ــ نى... نى... نېمە دېدىڭا، سايىمكا، كۆمۈر دېدىڭما، بىكارلىق كۆمۈر بېرىپتىما بىزگە؟

ــ ساڭا ئەمەس ئاۋۇ 80 ياشتىن ھالقىپ قالغان كېسەلمەن ئاناڭغا بېرىپتۇ، ئۇنىڭغا قوشۇپ مەنمۇ بەردىم، ئىككىسىنى قوشقاندا 600 كىلو بولىدۇ، ئاناڭغا ئەكىرىپ بېرىپ، ئاندىن ئېشەك ھاڭرىغان، داپ داراڭلىغان يەرلەردە يۈرسەڭمۇ مەيلى. مە ماۋۇ بەلەتنى، سايىمكام بىزگە ئۆتۈنۈپ دېگىن، سەن يارىماس ھەقچان مەش قۇرىدىغان ئىشنى قاملاشتۇرالمايسەن، مەن بېرىپ ئۆيۈڭدىكى چويۈن مەشنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ قۇراشتۇرغاچ تۇراي، كۆمۈرنى ئەكىرسەڭ ئوتنى تازا قالاپ، ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى بىر ئالايلى، خۇدا بىزگە ئۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئانىنى نېسىپ قىلماپتىكەن، بولمىسا يۇدۇپ ھەرەمگە ئاپار دېسىمۇ ياق دېمەيتتۇق ـ دە، ماڭ جۇگۇ، ئىشىڭنى قىل، بولمىسا كەچ قالساق توشۇپ بېرىدىغانغا ئادەم تاپقىلى بولمايدۇ.

سايىم موزدۇز قولىدىكى كۆمۈر بېلىتىنى ھاشىمغا تۇتقۇزۇپ، ئۇ مەھەللە باشقارما دوقمۇشىدىن قايرىلغىچە كەينىدىن قاراپ تۇردى. ئاندىن كۆڭلى سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ، ئارقىسىغا يېنىپ، مەۋۇتخان موماينىڭ كۆز ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى.

ــ يەنە كىرىپلا سايىماخۇن، بىرەر مۇھىم گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمۇ ئەمدى، ئەجەب بىسەرەمجان قىلىۋەتتۇق دېسە سىلىنى.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە. ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە مەۋۇتخىناچا، ئىشەگە چىققاندا ھاشىماخۇننى ئۇچرىتىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن كۆمۈر بېلىتىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، مەشنى قۇرغاچ تۇراي دەپ، كەينىمگە يېنىپ كىرىشىم شۇ، قېنى مەش نەدە بولغىيتى، كانىيى ساق بولغىيتى ـ ھە؟

موماي ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى ئالغىنىدىن ئالەمچە خۇشال بولۇپ كەتتىمۇ، ياكى قوشنىلارنىڭ بۇنداق كۆيۈنۈشلىرىدىن تەسىرلەندىمۇ، بىردىنلا ساپساق ئادەمدەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ساپما كەشنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ــ قوزغالمىسىلا، قوزغالمىسىلا ئانىكا، ئۆي ئىچى بەكرەك سوۋۇپ كېتىپتۇ، سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئېغىرلاپ قالمىسىلا يەنە، بىردەم جىمىدە يېتىۋالسىلا. قېنى مەش نەدىتى، ماڭا بار يېرىنى دەپ بەرسىلە، ۋاقتىدا جابدۇيلى ئۇنى.

ــ مەش؟ــ موماي بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ئۇ شۇ تاپتا مەش ھەققىدە نېمىمۇ دېسۇن، ھاشىماخۇن ئەپچىقىپ كېتىپ يوقاتتى، ھەتتا كانىيىنىمۇ قويمىدى، دەپ ھال ئېيتسۇنمۇ؟ بىراق ئۇ ئۇنداق دېمەيتتى، شۇنداق دېيىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى.

ــ ھاشىماخۇن ئۇنى ئۆگزىگە ئېچىقىپ قويۇپتىكەن، ئوغرى ـ يالغان تەگكەن ئوخشايدۇ، ھېچ دېرىكىنى قىلالمىدۇق، بولمىسا كۆمۈرنى قالمىساقمۇ بولارمۇ يا.

ــ ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ئانىكا، ئەگەر مەشنى ئوغرى ئالغان بولسا، سىلىدەك ئاجىز مەزلۇمنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەن شۇ ئوغرىنىڭمۇ جاجىسىنى خۇدايىم بېرەر. مەن باشقا ئامالىنى قىلاي ئۇنىڭ.

سايىم موزدۇز «سوغۇققا دال بولغۇدەك ئامال قىلالماي، توڭلاپ قالماسلىقنىڭ باھانىسىنى ئىزدەپ يوتقانغا كىرىۋالغانلا ھەقچان» دەۋېتىشتىن ئاران ئۆزىنى تۇتقان ھالدا سىرتقا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېھمان باشلايدىغان چوڭ ئۆيىگە قۇرۇپ قويغان، ئەمما مېھمان ئۈچۈن ئوت قالىنىش پۇرسىتى كەلمىگەن مەشنى ئېلىپ چىققىلى ماڭغانلىقى ئېنىقلا ئىدى. خەيرىيەت، بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ چېكىگە يەتكۈز، كۆڭلى قالمىسۇن دەپتىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئۇنىڭ يېشىغا بارغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىمىز، شۇ كۈنلەردە بىزگىمۇ قىلىدىغانلار چىقار، سايىم موزدۇز شۇ ئويلار بىلەن چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن كىچىك ئوغلىنىڭ ياردىمى بىلەن گۈل نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان يېپيېڭى مەشنى موماينىڭ سوغۇق كەپىسى ئىچىگە ئېلىپ كىردى.

مەش قۇرۇلۇپ بولدى، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلغان يېرىم چېلەك كۆمۈر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ئوت دەسلەپ كۆكۈچ يالقۇنلارنى چىقىرىپ، پاكار ئۆي ئىچىنى سۇس ئىس تۇمانلىرى بىلەن مۇبارەكلىدى، ئارقىدىنلا ئاخىرقى ئۆمرىدە نە بالا خوۋلۇقى، نە ھاياتنىڭ شېرىنلىكلىرى، نە مۇڭ، دەرد، كۆڭۈل خۇشى تۆكۈشۈپ ئولتۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايدىغان ئىللىق ئائىلىۋى مۇھەببەتتىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاۋاتقان مۇنۇ مومايغا ئىچ ئاغرىتقاندەك شۇنداق ھەيۋە بىلەن گۈرۈلدەپ كۆيدىكى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قىشنىڭ راھىتىنى كۆرمەي، بەئەينى مۇز گەمىسى كەبى سوغۇق

ئۆچۈپ تۇرىدىغان ئۆي ئىچىنى تىنگە ھۇزۇر بېرىدىغان ئىسسىق ھاۋا ئازادىلىك قۇچىقىغا بۆلىدى.

كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى پېشىدە تۇرۇپ، زاۋال مەزگىلىگە باش قويۇۋاتقان گىرىمسەن يورۇقلۇق، ئۆيقۇچان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە كەڭ جاھانغا ئۈمىدسىز نەزەر تاشلاۋاتقان ناخۇش كۆزلەردەك غۇۋا يورۇقلۇق تارقىتىۋاتقان كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ، ماشىنا، موتوسىكلىتلارنىڭ ئالدىراڭغۇ چاقلىرى ئاستىدىن ئۇچقان چاڭ - توزانلار ئارىسىدا ھەممە نەرسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ مۇھىت شۇ تاپتا بارا - بارا سۇزۇلۇپ، كېچە ئاسمىنىنى باشقىچە گۈزەللىك تۇسىگە كىرگۈزىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇنۇ ھاشىم پاخپاقنىڭ بارغانچە قاراڭغۇلىشىپ بېرىۋاتقان لەش كۆڭلىنى يورۇتۇشقا قادىر ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ دەسلەپ نېمە دەپمۇ مۇشۇنداق ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغان چاغدا ئۆيگە كىرىپ قالغاندىمەن، مەن نېمىدېگەن تەلەيسىز، خېلى يىللاردىن بۇيان ئاچلىققا، سوغۇققا، ئىسسىققا، يالغۇزلۇققا چىداپ ياشىغان ئانام، ئەمدىلىكتە مۇشۇ كۆمۈرنى ئەپ كىرمىگەنگە ئۆلۈپ قالماستىمۇ، ئۆلۈپ قالدى دېگەن تەقدىردىمۇ ئادەم ھامان ئۆلىدىغان نەرسىغۇ، ئۇ ئۆلسە مەن ياشايمەن، مەن ئۆلسەم يەنە باشقىلار ياشايدۇ، ئەكىرمەي قېچىپلا قۇتۇلمايمۇ، دېگەنلەرنى خىيالىغا پۈكتى. بىراق ئارقىدىنلا ئۇ ئانىسى توغرىسىدىكى ئاشۇ ئاقىلانە باھاسىدىن ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ، بىردىنلا قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. بەلكى ئالتىنچى ئاي مەزگىلىدە ساراڭ دوغ ئىچكەندىنمۇ بەكرەك راھەت ھېس قىلىپ، يەنە ھېلىقى كونا ئاھاڭدىكى ناخشىسىنى غىڭشىپ ئوقۇغىنىچە مەھەللە باشقارمىسى تەرەپكە تېز - تېز قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى. «قىزىق ئادەمدە مەن، توغرا ئەمەسمۇ ئانام كۆمۈر قالمىغانغا ئۆلۈپ قالىدىغان بولسا بۇرۇنلا ئۆلۈپ قالماتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنچە ياشقىچە ياشاۋېرىشىمۇ زېرىكىشلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ كۆمۈرنى غىپپىدە ئاپىرىپ سېتىش كېرەك، ئۇنى ئاۋۇ يەكچەشمە پىيەنچۈككە ھاراققا تېگىشسەم، ھاراقلارنى ئىچىپ تۈگەتكىچە مەن بارمۇ، يوقمۇ، ئۇنى كىم بىلىدۇ، زامان ئاخىر بولۇپ قالسا ئاشۇ جان ياپراتقۇ ھاراقلار بىكاردىن - بىكار ئىسراپ بولۇپ كەتمەمدۇ، ئەڭ ياخشىسى سېتىش كېرەك. كىلوسىنى ئالتە موچەندىن ساتقاندىمۇ ئۈچيۈز ئاتمىش كوي دېگەن گەپ، ئون كويىنى كىراكەشكە بەرسەم، قالغان ئۈچيۈز ئەللىك كوي بىلەن، ھاي، ھاي... ھاشىم پاخپاقنىڭ تەلىيى دېگەن مانا شۇ. كىم دەيدۇ مېنى تەلەيسىز دەپ، قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق تۇتامى يوق گەپلەر...»

شۇ تاپتا ھاشىم پاخپاق قانداقتۇر بىر باھانە - سەۋەب بىلەن باشقىدىن تۇرىلىپ قالغاندەك، ئاجايىپ ئىشچان بولۇپ كەتكەن ئىدى. كۆمۈرلەرنى ساندۇقلۇق موتوسىكلىتىنىڭ توپچىيىگە شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن ئالاتتىكى، كۆرگەنلەر «ئاھاي، تۈزەلمەيدىغان بادرا يوق دەپ، ماۋۇ ھاشىماخۇننىڭ كۆڭلىگىمۇ خۇدا ئىنساب بەرگەن ئوخشايدۇ جۇمۇ، قاراڭلار ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ چاققانلىقىغا، ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئېلىۋالىدىغان بولدى - دە، بۇ لايغەزەل پاخپاق» دېيىشكىنىچە رازىمەنلىك بىلەن باش چايقاشتى. ھاشىم پاخپاقنىڭ بولسا بۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلىدىغانغا ھەپىلىسى يوق، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، ھېلىقى دارازا ئادەم چىقىپ قېلىشتىن ئىلگىرى كۆمۈرنى دەرھال كۆزدىن يوق قىلىش.

— نەگە ھەيدەيمىز؟

— شارقىراتما ئۆستەڭ بويىغا.

— نېمە بار ساڭا ئۇ كۆمۈرچى مەھەللىسىدە، ئۆيۈڭ ئوتتۇن مەھەللىسىدە قالغان تۇرسا؟

— تولا ئاغزىمنى غېرىچلىماي ئاكاڭ قارىغاينىڭ دېگىنى بويىچە قىل دېدىمغۇ ساڭا.

تۇپىسىدىن تارتىپ، سۇس يورۇتۇپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرىغىچە بىر خىل قارا تۈستە كۆرۈنىدىغان كۆمۈر بازىرى كەچلىك خېرىدارلىرىنى يولغا سېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ھاشىم پاخپاق بۇ خىل قارامتۇل مۇھىتتىن سۆيۈنۈش ھېس قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. نېمىشقا دېگەندە سوغۇق ھاۋاغا قوشۇلۇپ، كىشى كۆڭلىگە يېقىمسىز تۇيغۇ بېغىشلايدىغان قارامتۇل نۇر، قارامتۇل توپا، قارامتۇل ھاۋا (ھاشىم پاخپاق ئۈچۈن شۇ تاپتا ھەرقانداق ئاق نەرسىمۇ قارا بولۇپ كۆرىدىغان بولۇپ قالغان بولسا كېرەك) ئۇنى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ دىققەت قىلىپ قېلىشىدىن يىراق قىلىدىغاندەك بىلىنەتتى. نېمىلا دېمەيلى، مۆلچەر بويىچە ھېسابلىغان پۇل ئانچە ھايالشمايلا ئۇنىڭ كىر، توپا دەستىدىن قارىيىپ كەتكەن يانچۇقىغا كىرىپ، ماكانلاشتى. ئەمدى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خۇددى خاھ خالىسۇن، خاھ خالىمىسۇن، زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئەرنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەن ئايال كەبى ئۇنى يايرىتىش، كۈلدۈرۈش، ئۈچۈرۈش، كۈتكەن مەنزىلىگە، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈش. بۇ دەل مۇشۇ ھاشىمنىڭ ئۇزاق

مەزگىللەردىن بۇيان ئويلىغانلىرى، ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەنلىرى، چۈشەپ، جۆيلۈپ چىققانلىرى ئەمەسمۇ؟ «ـ ها، ها، ها، مەن نېمىدېگەن تەلەيلىك، ياشاپ كەت ھاشىم پاخپاق» ئۇ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا شۇنداق ۋارقىراپ تاشلىدى، ئاندىن گويا مېنىڭ ۋارقىرىغىنىمنى بىراۋلار ئاڭلىغانمىدۇ دېگەندەك گۇمان بىلەن مەينەت، ھەم خىلۋەت كوچىنىڭ ئۇياق ـ بۇياقلىرىغا ئەندىكىش ئىچىدە قاراپ چىقتى. ئۆزىدىن باشقا بىرەرسىنى ئىلغا قىلمىغاندىن كېيىن بىراز خاتىرجەم بولۇپ، يېڭى نىشان تەرەپكە قاراپ، تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ھېلىقى نېمىلا ئاپارسا ھاراق بېرىدىغان ئىت ئۇۋىسىغا زادىلا بارغۇسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىدا ھازىر بىر ئاخشام «شاھلاردەك» ياشىغۇدەك دەسمايە بولغاندىكىن كەيپىنى ساز قىلىدىغان ھارىقىمۇ، جانغا راھەت ئاتا قىلىدىغان ئېسىل نەغمە ـ ناۋا، گۈزەل نازىنىنمۇ بار، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر كېچىنى نازلىق ئەللەيلەشلەر ئىلكىدە ئۆتكۈزەلەيدىغان كارىۋاتلىق ياتىقىمۇ بار بولغان تۇزۇكرەك يەرگە بېرىش كېرەكتە.

ئۇ ئاۋۋال قورسىقىنى تونۇر كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى دېگەنلەر بىلەن ئوبدان ئەستەرلىدى. ئاندىن بىرىنچى كوچىنىڭ ئۆلكە يولىغا تۇتىشىدىغان بۆلىكىدىكى ئىشىك ـ دېرىزىلىرى رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن «يېگانە ئارال ئارامگاھى»نىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. گويا رىۋايەتلەردىكى جىننىڭ كۆزلىرىدەك بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ، جولۇقشۇپ كەتكەن كۆكۈللەرنى ھاياجانلىق قورقۇش ئىسكەنجىسىگە ئالىدىغان سېھىرلىك مەنزىرە شۇ تاپتا ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قىلىنغان گىرىم ـ بوياقلار ئىچىدە كىملىكىنىلا ئەمەس، نە قېرى ـ ياشلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان سەتەڭلەرنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشى كەبى شۇنچە «جەلپكار» ئىدى.

«ئاۋۋال ئۆزۈم يالغۇز بىرقانچە رومكا ئىچىپ، كەيپىياتىمنى تەڭشىۋالمىسام ئىش ئەپلەشمىگۈدەك، ئۇلارغا گەپنى نەدىن باشلاشنىمۇ بىلمەي قالغۇدەكمەن...» ئۇ شۇ خىل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش تەدبىرىنىڭ تۈرتكىسىدە مەنىسىز ھجايغىنچە پاسىق بوسۇغىدىن ئېھتىيات بىلەن ئاتلاپ كىردى.

※　※　※

ئۆي ئىچى خېلىلا ئىسسىپ قالغان بولۇپ، ئاشۇ ئىسسىقلىقنىمۇ ياكى قوشنىلارنىڭ جان كۆيەرلىكىدىنمۇ ۋە ياكى ئوغلىنىڭ 600 كىلو كۆمۈرنى ئېلىپ، «ھارماڭ ئانىكا» دەپ كىرىشىگە بولغان تەقەززالىق تۈپەيلىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، مەۋۇتخان موماينىڭ كۆڭلى سەكسەن بەش يىللىق ھايات مۇساپىسىنىڭ مۇشۇ دەقىقىلىرىدە ئالەمچە بىر خۇشاللىق تۇيغۇسى ئىچىدە يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يېقىنقى بىر ـ ئىككى ئاي مابەينىدە ناھايىتى ئالغىلى، ناماز ئوقۇغىلى ئورنىدىن تۇرغاندىن باشقا كۆپ ۋاقىتلاردا خۇددى مامات پەرىشتىلىرىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئۈمىدسىز كەيپىيات ئىچىدە كونا يوتقانغا چۈمكىلىپ، باش ـ ئاخىرسىز خىياللارنى سۈرۈش بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. لېكىن مانا ھازىر ئۇ ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ، تاماققا تۇتۇناقچى، ئوغلى كەلگەندە ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن ئىسسىققىنە بىر چىنە ئاش بىلەن ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزمەكچى، يۈرەك پارىسىنىڭ ئۆزى بىلەن يانمۇيان تەرلەپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندىكى رازىمەنلىكىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانماقچى بولدى. لېكىن ئۇ ئامالسىز قالدى، قېنى ئۇن، قېنى ياغ، قېنى گۆش، قېنى سەي ـ كۆكتات... ئۇ ھازىر قوشنىلار ئۇزۇلدۇرمەي يوقلاپ ئېلىپ چىقىۋاتقان تاماقلارغا قاراشلىق بولۇپ قالغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدىغۇ؟ ئۆيدىكى بار ـ يوقنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ بالا نەلەرگىدۇر يوقاتتى، ئەمما ئانا ئۇنىڭدىن ھېچقاچان رەنجىگىنى يوق، ئوغۇل بالا پۇلسىز قالسا بولمايدۇ، بىراۋنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالسا رەھمەتلىك دادىسىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، نېمە قىلسا قىلسۇن، ئانىنىڭ ئويلايدىغانلىرى ھامان شۇ بولۇپ كەلدى، خۇدادىن يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۇنىڭغا ئىنساب ـ دىيانەت، بەخت ـ سائادەت تىلىدى.

«ئىست ـ ئىست، ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇنچە ئاجىز، بىچارە بولۇپ قالغۇچە، بۇرۇنراق كەتسە ياخشىكەندۇق ھە، ئىشلەپ، ئۆز رىزقىنى ئۆزى تېپىپ يەي دېسە پۇت ـ قوللاردا ماغدۇر بولمىسا، ھەتتا مۇشۇنداق بىر ۋاق تاماققىمۇ قادىر بولالمىسا، ئۇنداق ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟» ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لۆمۈلدەپ ياش يامرىدى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلىدى، ئاشۇ يىغا ئىچىدە ئاللادىن ھەممە نەرسىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇپ بېرىشنى تىلىگۈسى كەلدى. ئەمما يەنىلا ئۇ بىر نەرسىگە زادىلا قىيالمايتتى، قىيالمايتتىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن بۇنداقلا ئايرىلىپ كېتىشكە، ئۇنى بۇ پانىي ئالەمدە يەككە ـ يېگانە، يار ـ يۆلەكسىز تاشلاپ كېتىشكە زادىلا چىدىمايتتى. لېكىن ئۇ ئوغلىدىن بىرەر قېتىممۇ رەنجىشنى ئويلىمايتتى.

«خۇدا، ھەممە ئىشلارنى ئۆزۈڭ يولغا سالغۇچى، شۇ يۈرەك پارەمنىڭ تەقدىرىنىمۇ ئۆزۈڭ ئوڭ يۆنىلىشلىك قىلارسەن، مەن ئاجىزكەنمەن، مەن يارىماسكەنمەن.»

www.uyghurkitap.com

موماينىڭ ئىلتىجالىرى ئاينىپ بىرىۋاتقان شۇ پەيتتە تالادىن شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى. «كەلدى، ئوغلۇم كەلدى، ئۇ كۆز ياشلىرىمنى كۆرۈپ قالمىسۇن، ئۇ ئۆز يۆلەنچۈكىنىڭ بۇ هالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلسە بەكلا روهى چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟»

— ئەسسالام، مەۋۇتخىناچا، تىنچلىقمۇ، بۈگۈن باشقىچە يېنىكلەپ، تۈزۈلۈپ قالغاندەك كۆرۈنىلىغۇ، خۇدا شىپالىق بەرگەي، — كىرىپ كەلگىنى ئۇ تەقەززا بولغان ئوغۇل بولماستىن يان قوشنىسى زورىخان بولۇپ چىقتى، ئۇ ئىككى قولىدىكى ئىككى چىنە ئاشنى موماينىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن پەتمگە قول كۆتۈرۈپ، قايتىدىن بىر قېتىم تىنچ - ئامانلىق سورىدى، ئاندىن خېلىلا ئىللىپ قالغان ئۆي ئىچىدىن مەمنۇن بولغان هالدا بىرقانچە ئېغىز تەسەللى سۆزى قالدۇرۇپ، باللارغا تاماق بېرىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. موماي يەنە يالغۇز قالدى. ئۇ يالغۇزلۇقىغۇ كۆنۈك، ئەمما بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن، خۇددى بىرەرسى ئوغلىنى ئۇنىڭ ئالدىدىن مەڭگۈلۈك ئېلىپ كېتىدىغاندەك بەكلا غېرىبلىق پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى چىنە تاماق ئۇن - تىنسىز سوكۇتكە پاتقان ئىككى ئويچان گەۋدىدەك پېپىلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئەنە قوشۇق، چوكمۇ تەييار. ئەمما، موماينىڭ بايامنىڭياقى ئېچىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلغان قورسىقى ئەمدى غىققىدە بولۇپ قالدىمۇ قانداق، تاماققا هېچبىر رايى يوقتەكلا. ياق، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى، تاماقتىن دەسلەپ كۆتۈرۈلگەن هور سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ، ئىشتىهاسىنى تېخىمۇ ئېچىۋەتتى، موماي پەقەت ئوغلى كەلسىلا ئۆزى قول سېلىپ ئېتەلمىگەن بولسىمۇ قوشنىلارنىڭ قولدا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن غىزانى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېيىشكە تەقەززا.

※ ※ ※

«مەن بۈگۈن مۇرادىمغا يېتىشىم كېرەك، هاراققا تويۇشۇم، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان جىمىقىپلا كەتكەن سەزگۈلىرىمنى ئويغىتىپ، ئۇنى يات جىنسلاردىن كەلگەن لەززەت مۇقامىغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك.» هاشىم پاخپاق هەر بىر رومكا هاراقنى قولىغا ئالغاندا ئۆز - ئۆزىگە ئەنە شۇنداق خىتاب قىلاتتى، ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى، ئىچىپ بولۇپ، بىردەم خىيالىي هۇزۇر دۇنياسىغا چۆكۈۋالغاندىن كېيىن، يەنە هاراق قۇيۇپ، تۈرلۈك تېمىلاردا بايانات ئېلان قىلاتتى. «مەن ئەسلىدە هاشىم پېچەت ئىدىم، نېمىشقا هازىر خەقلەر پېچەتنىڭ ئورنىغا پاخپاقنى ئالماشتۇرۇۋالدۇ زادى، مەن بۈگۈن خالايىققا يەنىلا بۇرۇنقىدەك هاشىم پېچەتلىكىمنى، هېلىمۇ پېچەت ياشاشقا قۇربىم يېتىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن، خەپ، پېچەت بولالماي پاخپاق بولغىچە ئۆلگىنىم ياخشىغۇ مېنىڭ...» توغرا ئۇ ئىلگىرى كېلىشكەن بوي- بەستى، كىيىمنى ياراشتۇرۇپ كىيگەندىكى قىياپىتى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن «پېچەت» نامىغا نائىل بولغان، پېچەت دېگەن ئاشۇ نامغا تۇشلۇق جەمئىيەتتە خېلى ئوبدان يۈزمۇ تاپقان، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈز - ئابرويى، ئۆزىنىڭ گەپدانلىقى، خۇش چاقچاق مىجەزى، چىناردەك بەستى بىلەن نى نى گۈزەللەرنى هەيرەتتە قالدۇرۇپ، تاللاپ تۇرۇپ مۇهەببەت شېرىنلىكلىرى قوينىغا چۆككەن، ئاشۇ ساهىبجامالار ئارىسىدىكى قىچقارسا ئېتى، تۇتسا سېپى بارلار بىلەن توي قىلىپ، بالىلىقمۇ بولغان. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە هەممە ئىش ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، تەلىيى كاج كېلىشكە باشلىدى، هاياتلىق تۇۋرۇكى، مەۋجۇتلۇق چىرىغى بولغان دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ گويا يىلتىزسىز قامغاقتەك هەممىلا يەردە ئۇچۇپ يۈرۈپ باقتى. ئۇ مەهەللىدە گېپى ئاقمىسا بۇ مەهەللىگە، ئۇ يۇرتتا ئىناۋىتى بولمىسا يەنە باشقا يۇرتلاردا چېپىپ يۈردى. نە كۆزى قان- ياش هالەتتە تۇل قالغان ئانىسىنى، نە خوتۇن- بالىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپلا كەتتى، پەقەت ئاي يۈزلۈك، زىلۋا بەدەنلىك، شېرىن سۆزلۈك مەهبۇبىسى تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئامالسىز باشقىلارنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتكەندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن غۇرۇرى قاتتىق خورلۇق هېس قىلىپ، هاراق، نەشە دېگەنلەرگە دۈملا چۈشتى. كەيپ بولغاندىن كېيىن هەمىشە دېگۈدەك ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ بۈيۈكلۈكى، ئۆزىنىڭ هەممىنى هەيرەتتە قالدۇرغان «پېچەت» لىكىنى پەش قىلىپ، كىملەر بىلەندۇر سوقۇشۇپ، كىملەر بىلەندۇر سورۇندىكى سىرداشلارغا ئايلىنىپ، ئۆزىنى بىردەم ئاسماندىن، بىردەم يەر تېگىدىن ئىزدەپ يۈرۈۋەردى. خوتۇنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئادەم بىلەن هېسابلىشاي دېسە، ئۆزى كەتكۈزۈپ قويغاندى. شۇڭا ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا دەردىنى هاراقتىنلا ئالاتتى. باشقىلار ئۇنىڭدىن نېمە دەردىڭ بار دېسە ئۇ «شۇ، ئىنسان بولۇپ تۆرەلگەنلىك، يەنە داۋاملىق هالدا ئاتا مىراس ‹پېچەت› بولالمىغانلىق دەردىم بار» دېيىش بىلەنلا قانائەتلىنەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ هاراقتىن زەهەرلەندىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ ئۆزىچىلا توختىماي كوتۇلدايدىغان، دېگەنلىرىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ «پىچەت» دېگەن لەقىمىنىڭ ئورنىغا ئاقماس، پاخپاق گەپنى جىق قىلىدىغان «پاخپاق» دېگەن يېقىمسىز بىر ئاتالغۇ ئالماشتى. لېكىن پىچەت بولماقتىن پاخپاق بولماقنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن؟

ھەي ئىستەي، ئەمدى ئۇنىڭغا بىكارغا ھاراق ئېلىپ بېرىدىغان، دادىسىنىڭ يۈز- خاتىرسى بىلەن چوڭ - چوڭ سورۇنلارغا دەسمايىسىزلا قاتناشتۇرىدىغان، مەست بولۇپ قالغاندا يۆدۈپ، يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان ئىشلارغا پۈتۈنلەي خاتىمە بېرىلگەندەك قىلاتتى. مانا ھازىر ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ئەجىر بىلەن ياشاشتىن يالتايغان بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھاراق تېپىپ ئىچىشتەك قىيىن مۇساپىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولدى. ئۇ بۇ مۇشكۈل سەپەردە تالاي - تالاي قېتىم جاندىن ئۆتكۈدەك خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈردى. تاياق يەپ، ئۆلەمجان بولۇپ كوچىدا يېتىپ قېلىش، ئانىسىدىن توغما ھالەتتە كوچىغا تاشلىۋېتىلىش، نېسى ئىچكەن ھاراقنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇشقا ئىلاجسىز قېلىپ، ھەپتە - ھەپتىلەپ قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ يۇندىپۇرۇشلىقىنى قىلىش، قەرز ئىگىلىرى قىش كۈنلىرى يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە چەمبەرچاس باغلاپ، قۇشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى قان بىلەن ئۇيۇغان مۇز كۆلچىكىگە تاشلىۋېتىشتەك جازالارمۇ ئۇنى ئۆزگەرتەلمىدى...

خەيرىيەت، نېملا دېگەنبىلەن بۈگۈن ئۇنىڭغا تەلەي بىراز ئوڭىدىن كەلگەندەك قىلاتتى. ھاراق ئىچىش، قورساق توقلاش، «ئوۋ ئوۋلاش» تەك ئىشلاردا زادىلا بويۇن قىسىپ قالمىدى. بويۇن قىسىپ قالمىدىلا ئەمەس، ئۆز خىيالى بويىچە ئۆزىگە نېسىپ بولغان «ھالال» رىزىقىنىڭ پەيزىنى «شاھلارچە» سۈرۈشكە قادىر بولۇۋاتاتتى.

ئۇ تازا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئىچتى، ئىچكەندىمۇ بىگانە، غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپ ئەمەس، ئىككى تەرىپىدە ئىككى «نازىنىن» نى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، كاتتا خوجايىنلاردەك ئىمتىياز بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچتى، ئىچتىلا ئەمەس ئەڭ شېرىن، ئەڭ مەستانە، ئەڭ خۇشناۋا مەست بولدى، خۇددى پەقەت دۇنيا بۈگۈن ئۇنىڭلا ئىلكىگە ئۆتۈپ قالغاندەك ۋە ياكى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپ جەننەت تامان ئۇچۇۋاتقاندەك...

ھاشىم پاخپاق ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۆزىگە ئۆزى سىرداش بولۇپ جىمىقىپلا كەتكەن، كوچىلاردىكى ھاياتلىق ئىزنالىرىمۇ ئاللىقاچان پىنھان خانىلىرىدىن ماكان تېپىپ بولغان بىر ۋاقىتتا «بىگانە ئارال ئارامگاھى» دىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغۇدەك بولغان ۋاقىتتا قايتىپ چىقتى. خۇددى ئۇ جەننەتنىڭ شەربەت ئاقىدىغان ئېرىقلىرىدىن ئەڭ لەزىز مەيلەرنى ئىچىپ قايتقاندەك، ئۇنىڭدىن قانمىغان كۆڭلىنى ئەمدى ئاجايىپ جەلپكار ھۆر- پەرىلەر ماكانىدا ئەمىن تاپقۇزۇشقا يۈرۈش قىلماقچىدەك، ئۇلارنىڭ ناز- كەرەشمە ئارىلىشىپ كەتكەن شەرەت ۋە تەكەللۇپلىرى تامان چالا قالغان مۇرادىنى ھاسىل قىلىشقا ئاتلىنىدىغاندەك...

— پۇل، — دېدى ئۇنىڭغا بىر «ساھىبجامال» بىزەڭلىك بىلەن.

— مانا پۇل. ئېھ گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى بولغان مۇرادىم ھاسىلى «پەرىشتىسى»، — ھاشىم پاخپاق يېنىدا بارىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەرگەندەك قىلدى، ئاندىن قانداقتۇر ئۆزى غۇۋا ھېس قىلالايدىغان غەلىتە بىر ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندەك بولدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالىغۇدەك ماجالى يوق. شۇڭىمىكىن نە ھېسسىياتنىڭ باشقۇرۇشىغا، نە ھاراقنىڭ باشقۇرۇشىغا، نە بىراۋنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇۋاتقانلىقى جاۋابسىز تېپىشماق خالاس. نېمە ئامال ھازىر ھەممىگە بويسۇنىدىغان، بوزەك قىلىشقىمۇ، ھاقارەتكىمۇ، جىسمانىي زەربىگىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تالان - تاراجقىمۇ شەرتسىز بويسۇنىدىغان پەيت يەتكەندەك قىلاتتى.

— پۇل، — ھېلىقى قول بىزەڭلىك بىلەن يەنە ئۆزىتىلىۋاتاتتى.

— ھازىر بەرگەندەك قىلغانىغۇ جېنىم.

— تۇفىي ھەزىلەك، مەن نەدىمۇ سېنىڭ پۇلۇڭنى ئاپتىمەن، ئىشنى قىلىۋېلىپ، پۇل بەرمەيلا قۇتۇلماقچىمۇ سەن تېخى، چىقىرە پۇلنى، بولمىسا بۇ يەردىن تىرىك چىقىپ كېتىمەن دېمە!

ھاشىم ھەممىلا يانچۇقىنى ئۆرۈپ- چۆرۈپ ئاختۇرۇپ چىققاندەك قىلدى، ئەمما نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزى ھېس قىلغۇدەك ئەمەس ئىدى. ئارقىدىن پۇل تەلەپ قىلغۇچى بىلەن شېرىكلىرى بىر ھازا ئۇنىڭ بىر نەرسە سىغىدىغانلا يېرى بولسا ئاختۇرۇپ چىقتى. ئەمما ھېچنەرسە تاپالمىدى.

— سەن بۇ يەرنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ، يا ھازىرنىڭ ئۆزىدە خوتۇن- بالىلىرىڭغا تېلېفون قىلىپ، پۇل تېپىپ كەل، ياكى بولمىسا بىزنىڭ كاراھەتىمىزنى كۆرۈشكە تەييارلان...

ئۇلار چۆچۈرىنى خام ساناشقان ئىدى، ئەتىدىن بېرى ماراپ يۈرۈپ مىڭ تەستە تورغا چۈشۈرگەن مال بەكلا

ئورۇق بولغانلىق ئۈستىگە، ئۇنىڭغا ھىمايىچى بولىدىغان
ئىنسانىنىڭ يوقلۇقى تېخى كۆلكىلىك.
— پۇل بولمىسا، ياكى پۇل ئەكىلىپ بېرىدىغان
ئادىمى بولمىسا بىر چىشلىم گۆشىنى بولسىمۇ
كېسىۋېلىڭلار!— كىمدۇر بىرىنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىغان
ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى، بىر چاغدا نەرىنىڭدۇر
ۋىژژىدە ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئىسسىق بىر
سېزىمنىڭ بەدىنىدىن ئاستا - ئاستا ئېقىپ
كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزگەندەك بولدى. ئۇنى ئالا قازان
قىلىپ كۆتۈرۈپ سىرتقا تاشلىۋەتتى.
قاتتىق سوغۇق ھېلىلا جان ئالغۇچى نەشتىرىنى
سانجىشقا تەييار تۇرغان زەھەرلىك يىلاندەك كېچە
قوينىدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ۋەھىملىك جىمجىتلىق
قوينىغا چۆكتۈرگەن ئىدى. تەخمىنەن يېرىم سائەتلەردىن
كېيىن بولسا كېرەك، ھاشىم پاخپاق بىراز ئېسىنى يىغىپ،
تولغىنىۋاتقانلىقىنى، قانداقلا بولمىسۇن دەسلەپ مۇرادىنى
ھاسىل قىلغۇچى جەننەت قۇچىقى بىلىنگەن، مانا ئەمدى
ھەممىلا نېمىسىدىن مەھرۇم قالدۇرغان دوزاخ بىلىنىشكە
باشلىغان بۇ جايدىن كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس
قىلىپ يەتتى، ئەمما ئۇنىڭ پۇت - قولىدىن ھازىر
ماغدۇر قاچقان بۇ ھالدا ئۇ نەگىمۇ بارالار - ھە!
ھاشىم پاخپاق بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى،
يىغلىغاندىمۇ ئەڭ بىچارە ھالەتتە، ھىمايىسىز،
يۆلەنچۈكسىز، خەيرخاھسىز ھالەتتە، ئىچ - ئىچىدىن
ئۆرتىنىپ يىغلىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق ئىلتىجالىق
يىغىسىنى ئاڭلايدىغانغا بۇ جىن ئۆۋىسىدا نەدىمۇ ئادەم
بولسۇن، «ئانا، جېنىم ئانا، يۆلەنچۈكۈم ئانا، سەن
قەيەردە، مېنى قۇتقۇزۇپ قال ئانا، مەن ئۆلۈپ
كېتىدىغان بولدۇم، مەن، مەن...» ئۇ ئىختىيارسىز
شۇنداق ۋارقىراپ تاشلىدى. مانا ئەمدىلا بۇ دۇنيادا
بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ھەم غەمگۇزارى بولغان ئانىسىنىڭ
مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ
يەتتى، ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ «ئوغلۇم، ئوغلۇم» دەپ
پەپىلەشلىرىنى ئاڭلىغۇسى، ئاشۇ تەڭداشسىز بۈيۈك
روھىي تەسەللىلەر ئىچىدە كەڭرى ئالەمگە كۆلۈپكىنە
قاراپ، ھاياتلىقنى قايتىدىن باشلىغۇسى كەلدى. ھېچ
بولمىغاندا مۇشۇ ئېپلاس ماكاندا جان بەرگەندىن كۆرە
ئانىسىنىڭ بىپايان قۇچىقىدا يېتىپ بۈيۈك دىداردىكى
ئاپتاپتىنمۇ كۈچلۈك بولغان مېھرگە قېنىپ تۇرۇپ جان
بەرگۈسى كەلدى. تولىمۇ ئەپسۇس، شۇ تاپتا ئۇ
ئۆيىنىڭ نەلەردە قالغانلىقىنى، قايسى يول بىلەن
ماڭغاندا، ئۆزى ئىنتىلگەن مۇقەددەس، قىبلىگاھ كەبى
جايغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى، ئۇنىڭغا ئۆيى
بەكمۇ، بەكمۇ يىراقتا قالغاندەك، مەڭگۈ يېتىپ بارغىلى
بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.
بازارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تەخمىنەن يۈز موچە
كېلىدىغان چوڭقۇرراق يەر ئۈستىدە سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنى
بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە يىللاپ، يىللاپ سۇ
كىرمىگەچكە ھەر خىل جىگدە، يۇلغۇن كۆچەتلىرى
ئۈنۈپ چىقىپ، قويۇق ئورمانزارلىققا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ
تەبىئىي پەيدا بولغان مەنزىرە بىر مەھەل بازارنىڭ
ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ياز كۈنلىرى قىزىل، سېرىق
رەڭلەردە ئېچىلغان چېچەكلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ
تۇيغۇلىرىنى مەست قىلىپ، بىر ئوبدانلا سەيلىگاھلارغا
ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ،
قىمار ئويناش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش ۋە ھەر خىل ناشايان
ئىشلارنى قىلىشتەك رەزىللىكلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ
قالغاچقا، دۇرۇس نىيەتلىك ئادەملەر ئانچە يولىماس
بولۇۋالدى. مانا ئەمدى بۇ يەر ئورمانزارلىق ئەمەس،
چاتقاللىققا ئايلانغان. كۈندۈزلىرى قاۋاق تاپالمىغان
نامرات زابويلارنىڭ ماكانى بولسا، كېچىلىرى ئۆزىنىڭ بۇ
دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشكەن
دىۋانىلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇ
چاتقاللىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى بەش كۋادرات مېتىرچە
كېلىدىغان بوش يەرگە كىملەردۇر ھەر خىل كونا كىيىم
كېچەك، ئىشلىتىشتىن قالغان كىگىز - پالاس دېگەندەك
نەرسىلىرىنى تاشلاپ، ئېگىز لاتا - پېتىلەر دۆۋىسىگە
ئايلاندۇرۇۋەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق
«ئەپلىك» ماكان، كۈندۈزلىرى تىلەمچىلىرىنى كېچىلىرى
قىمارغا دەسمايە قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئايۇپ
دىۋانىنىڭ ئارامگاھىغا ئايلىنىپ قالدى. ھاشىم پاخپاق
بىر يەكشەنبە كۈنى نەلەردىندۇر ئوغرىلاپ كەلگەن
پۇچۇق قازانغا تېگىشىپ ئىچكەن ھاراقنىڭ كۈچلۈك
كەيپى بىلەن لەلەڭشىپ دەسسىگىنىچە يەنە ھاراققا
يارىغۇدەك بىرەر نەرسە ئۇچراپ قالارمىكىن دېگەن
ئۈمىدتە ئىختىيارسىز ھالدا چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ
كەتتى. ئۇياق مېڭىپ، بۇياق مېڭىپ، ئاخىرىدا ئايۇپ
دىۋانىنىڭ ئاشۇ «قونالغۇ»سىنى بايقاپ قېلىپ، ئۆزىچە
قانداقتۇر بىر بايلىققا ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ
كەتتى. ئاندىن كونا كىيىم - كېچەكلەر ئارىسىدىكى
كۆزىگە يېڭىراق كۆرۈنگەن بىر قانچە تال ئىشتان، بىر
قانچە تال چاپاننى «پىت بازىرى» غا ئاپىرىپ، ئالتە
كويغا سېتىپ، پۇلىغا يەنە ھاراق ئىچتى. تازا غەرق
مەست بولغاندىن كېيىن، ئۆيگە كېتىشنىمۇ خالىماي
ھېلىقى «ئەسكى- تۈسكى شەھەرچىسى» دە كىيىم -
كېچەكلىك بىلەنلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن

ئۇ بەزى كېچىلىرى ئۆيگە قايتىشقا رايى بارمىغان چاغلىرىدا مۇشۇ يەرنى مۇقىم قونالغۇ قىلىپ تاللىۋالدى. مۇشۇ ئىش تۇپەيلىدىن بىر قانچە قېتىم ئايۇپ دىۋانە بىلەن ئارازلىشىپ، تاياق يەپ، ئاغزى ـ بۇرنى قان بولغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ مۇشۇ يەرگە تۇغما نامدار كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى، يەنە خولىگەرلىك قىلىۋېرىدىغان بولسا ئادەم تويلاپ، بۇ يۇرتتا تۇرغۇسىز قىلىپ قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى پەش قىلىپ، ئايۇپتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەر ئىككى ئادەمنىڭ تۇرالغۇسىغا ئايلاندى.

هاشىم پاخپاق قاراڭغۇ كېچە قوينىدا پەقەت ئاشۇ پىت بازىرىدىكى تۇرالغۇسىغىلا بارالايدىغانلىقىنى، پەقەت ئاشۇ جاينى تېپىپ بېرىشقىلا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى ئويلاشقا مادارىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇتلۇق سېغىنىش، ئەڭ بىچارىلەرچە نىدا، ئىنتىلىش، ئانا باغرىدا يايراپ، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىپ، كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇشتەك ئارمانلار بولسا مانا ئەمدى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ بېرىۋاتقان روھى ۋە تېنىدە ۋىسال تاپمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

※ ※ ※

مەۋۇتخان ئانىنىڭ بۈگۈن ئۇيقۇسى قاچقان، ئوغلىنى كۆرۈشكە بولغان تەقەززالىقى ۋاقتىسىرى كۈچىيەيگەن ئىدى. ئۇنىڭ هازىر ئوغلىغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلاتتى. گەرچە ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە ئوغلىغا تالاي ياخشى سۆزلەرنى، تالاي نەسىھەتلەرنى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈن ئوخشىمايدىغان قانداقتۇر خاسىيەتلىك بىر سۆزنى ھەدىيە قىلماقچىدەك تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى. يۈرىكى توختاۋسىز تېز سوقۇپ، خۇدادىن ئوغلىنى ئامان ـ ئېسەن قىلىشقا بولغان ئىلتىجاسى كۈچىيىپ باراتتى. ئۇ شۇ هالەتتە يېرىم كېچىلەرگىچە هېلى سىرتقا چىقسا، ھېلى ئۆيگە كىرىپ، ھېلى يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتسا، ھېلى ئورنىدىن تۇرۇپ، مەشنىڭ ئۈچۈپ قالاي دېگەن ئوتىنى كوچىلاپ يۈرۈپ، زادىلا ئارام تاپمايتتى. ئوغلى كەلمىگەنسېرى ئەندىشە ۋە ئازابلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى. ھېلىدىن بېرى شۇنچە ئازادە، شۇنچە ئىللىقلىقتا تويۇنغان كىچىككىنە كەپىسمان ئۆيمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گۆردەكلا تۇيۇلۇپ، ساقلاش، كۈتۈش، سېغىنىش ئازابلىرى ۋە سوغۇق ياشلار ئىلكىدە مۇز بولۇپ قاتماقتا ئىدى.

هاشىم پاخپاق ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزىنىڭ نەلەردە، نېمە ئىشلار بىلەن يۈرگەنلىكىنى تامامەن ھېس قىلالمىغۇدەك هالەتكە يەتكەندە هېلىقى دائىملىق قونالغۇسىغا يېتىپ كەلدى. ھېچنېمىنى ئويلىغۇدەك، ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلغۇدەك مادارى بولمىسىمۇ، غۇۋا بىر خىل سېزىم ئىچىدە ئۆزىنى ئەڭ بۈيۈك نىشانغا يەتكەندەك، ئېرىشمەكچى بولغان ئەڭ مۇقەددەس ئارامگاھى مۇشۇدەك، مۇرادى ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ جايدا هاسىل بولغاندەك تۇيغۇغا كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە ئەتە ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدىغاندەك، ئەتىدىن باشلاپ، ئالەم ۋە دۇنيا ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە قايتىدىن يارىلىدىغاندەك هېس قىلدى. لېكىن ئۇ هازىر هېچنەرسىنى ئىنساني نۇقتىدىن تۇرۇپ ئويلاشقا تامامەن قادىر ئەمەس ئىدى.

«ئوغلۇم كېلىدۇ، ئۇ كەلسە ئىشىكنى ئاچالماي قالىدۇ، مېنىڭ يۈرەك پارەم ئانىلىق قەلبىمگە، مۇشۇ ئىشىكتەك مەڭگۈ ئوچۇق تۇرىدىغان قەلبىمگە يېپىشقى مېھىر بىلەن بۇسۇپ كىرىدۇ.» ئانا ئوغلىنى كۈتۈپ، كۈتۈپ، ئىشىكلەرنى ئوچۇق قويغان هالەتتە تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن بۇ ئۇيقۇنىڭ ئۇنىڭغا بەك ئۇزاق، بەك ئۇزاق داۋاملىشىدىغان، ھەتتا مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان ئۇيقۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، مۇشۇ ئۇخلىغانچە ئېسىل تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ ئېگىز ـ ئېگىز ئۇچۇپ، ئوغلىنىڭ روھى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ماكانغا كېتىپ قالىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلاپ يەتكەن دەيسىز.

※ ※ ※

ئەتىسى چۈشكە يېقىن كىمدۇر بىرەيلەن چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايۇپ دىۋانىنىڭ تۇرالغۇسىدىن كىندىكىنىڭ ئاستى تەرىپى ئۆتكۈر تىغ بىلەن كېسىۋېتىلگەن، كەسكەن جايىدىن ئاققان قىپقىزىل قانلار بىلەن قوشۇلۇپ، قېتىپ مۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن تولىمۇ ئاۋاق، تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر جەسەتنى بايقاپ قالدى. بۇ دەل ئەينى چاغدا «پىچەت» نامى بىلەن بىر مەھەل «جاهان سورىغان» كېيىنكى كۈنلەردە هورۇنلۇقى، يارامسىزلىقى، زەئىپلىكى، چۈشكۈنلۈكى تۇپەيلىدىن «پاخپاق» قا ئايلىنىپ، ئىنساني قەدىر ـ قىممىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان هاشىمنىڭ جەسىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىنى قېلىن قار ئاپپاق يوتقانلىرى بىلەن ياپقان بولۇپ، بۇ قار تەبىئەتنى پاكلاپ ئۆتىدىغان تەڭداشسىز خاسىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بىر زەئىپ روهنى، يارامسىز تەننى پاكلاشقا ئۇرۇنغاندەك، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك، شۇنداقلا يەنە قاتتىق نەپرەتلەنگەندەك قىلاتتى.

---

ئاپتور: مارالبېشى ناهىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

www.uyghurkitap.com



# مۇھەببەت گۈلگە ئوخشايدۇ

(نەسر)

ياسىنجان سادىق چوغلان

ئادەملەر ئالدىراش مېڭىشىدۇ. خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار تىنىمسىز ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. خۇددى ئەزرائىلنىڭ مۇدھىش سايىسىدەك، ئېگىزلىرى تەكەببۇر كىشىلەردەك غادايغان، پاكارلىرى ھاجەتمەن، موھتاج كىشىلەردەك تۈگۈلگەن. سانجاق - سانجاق ئىمارەتلەر شەھەرنى بەئەينى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشىتىپ قويغان. غەمسىز، شاد - خۇرام كىشىلەر ئۈچۈن بۇ بەلكىم ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنىكىدۇر. ئەمما موھتاجلار ئۈچۈن، ۋۇجۇدقا ھەسرەت- نادامەتلىك تۇيغۇلارنى ھاپاش ئەتكەنلەر ئۈچۈن يەنىلا ئۆششۈك ھەرىسىنىڭ كۆنىكى خالاس.

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ھاشار چۈمۈلىسىگە، ھەسەل ھەرىسىگە، ھەتتا ئۆششۈك ھەرىسىگە ئايلانمىغان كىم بار. مەنمۇ ھەم شۇلارنىڭ بىرى. يۈرىكىمگە تاتلىق ئەسلىمە، ھەسرەتلىك كەچمىش، شېرىن ئارمانلار توختىماي ئېكەك سېلىۋاتىدۇ. ئازاب ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ ياشاش كېرەك. ھاياتنى سۆيمىگەن، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلىمىغان ئىنسان ئەمەسقۇ ئاخىر...

قۇلاق تۈۋىمگە مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ماشىنا سىگنالى باش - ئاخىرى يوق خىياللىرىمغا بەرھەم بەردى. ئېسىمنى يىغىپ ئەتراپىمغا ئالاڭلاپ قارىدىم. ئاپپاق پىكاپتا رولنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرغان چىرايلىق جۇۋاننىڭ نەشتەردەك تىكىلگەن كۆزلىرى يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن تېشىپ ئۆتتى. خورلۇقتىنمۇ ياكى غۇرۇرۇمنىڭ ھاقارەتلىنىشىدىنمۇ ئاچچىق تولغاندىم. شوپۇر جۇۋاننىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. خۇددى سېنىڭ كۆزۈڭدەكلا، پەرقى، ئۇنىڭ كۆزىدىن دەھشەت ياغاتتى. سېنىڭ كۆزۈڭدىن بولسا مېھىر - ئاتەش بالقىيتتى. ھەرقانداق نەرسە چىرايلىق بولسىلا ھېساب ئەمەسكەن دېسە.

— ماڭا قايىلسىلا، يولدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزۈپ قويامدىم - يا؟

تېخىچىلا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلدىم.

كىممۇ ئۇنىڭ كۆزىنى سېنىڭ كۆزۈڭدەك چىرايلىق بولسۇن دەپتۇ. ئاز كەلگەندەك ئۇنىڭ لېۋىمۇ سېنىڭ لېۋىڭدەك چىرايلىق ئىدى. ئەمما بۇ چىرايلىق لەۋدىن زەھەر تامىدى. «ماڭا قايىلسىلا، يولدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزۈپ قويامدىم - يا؟» جاھاندا بۇنىڭدەك ئاڭلىماققا سىپايە، ئەمما زەھەردەك گەپ بولامدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە توپتوغرىلا ھاقارەتلىگەن بولسا بۇنچىلىك جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتمەستى. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ياخشى - يامان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق تولىمۇ سىپايە. ئۇنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغان ھەسەل بىلەن زەھەرنى ئايرىمىقىڭ تەس، چىدىماي ئامالىڭ يوق.

قەدەملىرىمنى تېز - تېز يۆتكەپ يولنىڭ چېتىگە چىقىۋالدىم. چىرايلىق جۇۋان ئاپپاق پىكاپنى قوزغىغىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

شەھەردە ئادەملەر شۇنچىلىك ئالدىراش، ئاللىقانداق مەقسەت- مۇددىئالارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق. ھېچكىمنىڭ دەردى ھېچكىمنىڭ دەردىگە، ھەسرىتى ھەسرىتىگە ياماق

بولالمايدۇ، يىغلىغىنىڭغا بۇلۇت ياش تۆكمەيدۇ، ئاھ ئۇرغىنىڭغا زېمىنغا ئوت كەتمەيدۇ، غەزەپلەنگىنىڭگە دەريا ـ كۆللەر مۇزلىمايدۇ. كىملەردۇر ئالدىراش ھەسەل يىغىدۇ، كىملەردۇر زەردى بىلەن نەشتەر ئۇرۇپ زەھەر چاچىدۇ. گاھى ھەسەل تېتىساڭ، گاھى زەھەر تېتىيسەن، ھارساڭمۇ، ئاچساڭمۇ، ھالىڭدىن كەتسەڭمۇ ئىككى پۇتۇڭنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. ھەسرەت ئۇچۇنمۇ مېڭىش كېرەك، ھەسرەتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇنمۇ مېڭىش كېرەك؛ مەلۇم مەنزىلگە يەتكەندە بەلكىم ھەسرەتنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ قالىسەن. شۇنداق. ھەسرەتمۇ، خۇشاللىقمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس، غالىبلىق بىلەن مەغلۇبلۇق مەڭگۈلۈك بولمىغىنىغا ئوخشاش.

ھەئە، ھېلىقى شوپۇر جۇۋان كەتتى، ئاپپاق پىكاپنى ھەيدەپ غايىب بولدى. ئەمما كۆز ئالدىمغا سېنىڭ ھاۋارەڭ رومال، ھاۋارەڭ كۆڭلەككە ئورالغان نازاكەتلىك قامىتىڭ كېلىۋالدى.

سەن ھاۋارەڭ كىيىم كىيىشكە ئامراق ئىدىڭ، بۇ رەڭ سېنى تېخىمۇ لاتاپەتلىك، تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرسىتەتتى. ھاۋارەڭ رومال بىلەن ناۋاترەڭ جامالىڭ تېخىمۇ جۇلا تاپاتتى، شۇڭىمۇ ھاۋارەڭ كىيىم كىيگەن قىز ـ جۇۋانلار كۆزۈمگە باشقىچە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى، خۇددى ئالدىمدا سەن پەيدا بولۇپ قالغاندەك.

يەنە ھاڭۋېقىپ قالدىم. ياق، غەزەپلەندىم، يۈرەك ـ باغرىمنى ئاچچىق بىر تۇيغۇ تىلغاپ ئۆتتى...

قىز يالاڭباشتاق ئىدى. خېنە قويۇۋالغان قىزغۇچ بۇدۇر چاچلىرى ئاق قۇدەك بويۇنلىرىنى يېپىپ يەلكىسىدە چېچىلىپ تۇراتتى. خۇددى كۆكلەم پەسلىدىكى مەجنۇنتال نوتىلىرىدەك، زىلۋا قامىتىگە ھاۋارەڭ كۆڭلىكى شۇنداق ياراشقان ئىدى. ئۇ سەن ئىدىڭ، ياق، ئۇ ساڭا ئوخشايتتى. سەندەك تولىمۇ نازاكەتلىك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى غادىيىپ تۇرغان تەكەببۇر يىگىت مەن ئەمەس ئىدىم.

ھەئە، يىگىت رەھىمسىزلىك بىلەن قىزغا قول شىلتىيتتى. قارچىغا كۆزلىرىدىن بىر خىل كۆرەڭلىك بالقىيتتى. قىز ئەتراپقا نومۇس، ھايا ئارىلاش تەرزدە قاراپ قويۇپ يىگىتكە يېلىناتتى، سېنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغان ئىدى، ھازىرلا يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ چۈشىدىغاندەك.

سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىزنى يىغلاتقان يىگىت ئەر ئەمەس،

سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىزغا گىدەيگەن يىگىت ئەر ئەمەس.

سۆيگۈ سەۋەبىدىن يىگىت قىزغا يېلىنىشى كېرەك.

سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىز يىگىتنىڭ ئالدىدا مەغرۇر تۇرۇشى كېرەك.

سۆيگۈ سەۋەبىدىنلا قىز لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك، ھايالىق، جەلپكار ھەم ئۇلۇغ...

سۆيگۈ سەۋەبىدىن قىزنى يىغلاتقان يىگىت نامەرد يىگىت. پۇچەك يىگىت، ياق، يىگىتلىك ئۆلچىمىگە توشمايدىغان ئەركەك جىنس، خالاس.

گۈل! بىلىۋاتامسەن؟ مۇشۇ مەنزىرە سەۋەبىدىن يۈرەك ـ باغرىم پۇچىلاندى، خۇددى ئىككىمىز قوقاسقا كۆمۈپ يېگەن ئاقبالداقتەك.

ئالدىڭدا تىترەپ تۇرۇپ سۆيگۈمنى ئىزھار قىلغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، گۈل.

ساڭا سۆيگۈ تەلىپى قويۇپ تالاي قېتىملاپ يېلىنغىنىمنى پەخىرلىنىپ ئەسلەيمەن، گۈل.

ھاۋارەڭ رومال، ھاۋارەڭ كۆڭلەك ئارىسىدىكى گۈزەل قامىتىڭنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كوچاڭنىڭ دوقمۇشىدا سائەت ـ سائەتلەپ كۈتكىنىمدىن پەخىرلىنىمەن گۈل. ئەنە ئاشۇ كۈتۈشلىرىمدە گاھى ياغقان يامغۇرلار، گاھى ياغقان قارلار، گاھى سوققان جۇت ـ شاماللار ۋۇجۇدۇمغا ھېلىمۇ ھەم جەننەت ھوزۇرى بېغىشلايدۇ.

مەن ئاشۇنداق ئاشىق بولغان دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.

مەن ئاشۇنداق بىر قىزغا ئاشىق بولغان دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.

مېنى ئاشۇنداق بىر قىز كۆيدۈرگەن دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.

مەن ئاشۇنداق بىر قىز بىلەن سۆيۈشكەن دەپ جار سالغۇم كېلىدۇ جاھانغا.

نىھايەت، بۇدۇر چاچلىق، ھاۋارەڭ كۆڭلەكلىك قىزنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، نازۇك قەددى جۇدۇن سوققان ياپراقتەك تىترىدى. سۇندۇرۇۋېتىلگەن تال چىۋىقتەك ئېگىلدى، بىئىلاجلىق، قىيالماسلىق ئىلكىدە قەدەملىرىنى ئېغىر ـ ئېغىر يۆتكەپ كېتىپ قالدى، خۇددى چىرايلىق پۇتلىرىغا ئېغىر كۆتەك ئېسىپ قويغاندەك. قارچىغا كۆزلۈك، كۆرەڭ يىگىت جايىدا ھېلىمۇ بىپەرۋا تۇراتتى. ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئەركەكلىكىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك لېۋىگە بىر تال تاماكا قىستۇردى، ئوت تۇتاشتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ شورىدى، ئاندىن يانفوننى ئېلىپ ئالدىرىماي نومۇر

www.uyghurkitap.com

باستى، قۇلىقىغا تۇتۇپ سۆزلەشتى: ھاياجانلىنىپ، ھەجىيىپ تۇرۇپ سۆزلەشتى. بۇ تۈرقى تولىمۇ يىرگىنچلىك ئىدى. ھەئە، بۇدۇر چاچلىق، ھاۋارەڭ كۆتۈلەكلىك قىزنىڭ كۆز ياشلىرى قىلچىلىك تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى.

ئەبلەخ يىگىت!

ھاياسىز يىگىت!

نامەرد يىگىت!

ماز يىگىت!

ئۇنى بىرىپلا ئەدەپلەپ قويسام بولاتتى. ئاشۇ تۈرقى بىلەن ئىككى پەشۋاغىمۇ يارىمايتتى، لېكىن... لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم.

يىگىتلىك پەزىلەت، يىگىتلىك مەسئۇلىيەتچانلىقنى بىلگەن ئىكەنمەن، باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈشۈم، ھېس قىلدۇرۇشۇم كېرەك ئىدىغۇ، گۈل. شۇنداق، بۇ ئۆزىنى ئەر ـــ يىگىت چاغلىغانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئەمما ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇ قارچىغا كۆزلۈك يىگىت بىلەن ئارازلىشىپ قالسام شەھەر تەرتىپىنى ساقلىغۇچىلار ئۇنى ئەمەس مېنى ئەيىبلەيتتى. «كارىلىرى نېمە؟ ئۇ قىز سىلىنىڭ سىڭىللىرىمىتى»، «كارىلىرى نېمە؟ بۇ يىگىت سىلىنىڭ ئىنىلىرىمىتى»، «ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشقۇچە ئىشلىرىنى قىلسىلا بولمامدۇ» دېيىشەتتى. مىللىي قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىن ھەر ئىككىسى مېنىڭ ئىنى ـ سىڭىللىرىم ئىدى. مۇشۇ شەھەر جامائىتىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. بۇنى چۈشەندۈرسەم مېنى كاللىسىنىڭ سۈيى بار دەپ مەسخىرە قىلاتتى. بەلكىم شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى بۇزدۇڭ دەپ جازاغا تارتىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ كۈنلەردە يىگىتلىرىمىزگە يىگىتلىك مەسئۇلىيەت ھەققىدە سۆزلەش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قېلىۋاتاتتى، گۈل.

ساڭا بەرگەن ۋەدەم ئېسىڭدىمۇ، گۈل.

بىر ئۆمۈر چېكەمگە گۈل قىلىپ قىسىمەن دېگەن ئىدىم.

بىر ئۆمۈر بۇلبۇلدەك قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈلدۈرىمەن دېگەن ئىدىم.

بىر ئۆمۈر يۆلىنىدىغان تېغىڭ، ياپلايدىغان بېغىڭ بولىمەن دېگەن ئىدىم.

بىر ئۆمۈر يامان كۆزلەردىن قوغدايدىغان پاسىبانىڭ بولىمەن دېگەن ئىدىم.

سېنى نېمىشقىمۇ گۈل دەپ ئاتىغان بولغىيدىم. نېمىشقىمۇ ئۆمرى تولىمۇ قىسقا ئاشۇ گىياھقا ئوخشاتقان بولغىيدىم.

ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كېتىشىنى بىلگەن بولسام، سېنى مەڭگۈلۈك تىك قىيالارغا، ئۆزۈمنى ئاشۇ تىك قىيالارغا ماكان تۇتىدىغان بۈركۈتكە ئوخشاتماسمىدىم.

سەن چۈشتەك، تولىمۇ شېرىن چۈشتەك مەڭگۈلۈك غايىب بولدۇڭ. گۈلدەك توزۇپ كەتتىڭ.

ھەسرەت ـ نادامەتلىرىمگىمۇ پەرۋا قىلمىدىڭ.

سەن ھېلىقى مەرھۇم شائىرنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىڭ:

«پەلەكنىڭ چاقى تۈگمەنمۇ،
ئۇن تارتامدۇ ئادەمدە.» *

نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان بولغىيدىڭ، گۈل؟

نېمە ئۈچۈن بۇنىڭ سەۋەبىنى سەندىن سورىمىغان بولغىيدىم؟

شۇنداق، ھاياتتا تۇغۇم بار ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۆلۈممۇ بار. ئەمدى بىلسەم سەن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمنىڭ قىممىتىگە، ئۆلۈمنىڭ مەنىسىگە ئاشۇ مەرھۇم شائىرغا ئوخشاش سوئال قويۇپ ياشىغان ئىكەنسەن.

بىلىمەن، ئاشۇ قىسقىغىنا ھاياتىڭدا ئەل ـ جامائەتنى، جاھاننى تاڭ قالدۇرغىدەك ئىشلارنى قىلالمىدىڭ. ئەمما بۇنىڭ بىلەن ھاياتىڭنى مەنىسىز، ئۆلۈمۈڭنى قىممەتسىز دېيىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققىي يوق. چۈنكى، قىزلىق لاتاپەت، شەرمى ـ ھايا، ساداقەت، ۋاپا بىلەن ياشىدىڭ. ئاشۇ پەزىلەتلىرىڭ بىلەن مەندەك بىر يىگىتنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتاشتۇردۇڭ. ۋۇجۇدۇمنى گۈلخان قىلىپ ياندۇردۇڭ. بۇمۇ ھەرقانداق ئۇلۇغلۇقتىن قېلىشمايدۇ.

ھەئە، قىزلىق پەزىلىتىنى بىلىش، قىزلىق نازاكىتى بىلەن ياشاشمۇ ئۇلۇغلۇقتۇر.

بىلەمسەن گۈل، مەن ئاپتوموبىللارغا، ئاپتوموبىل رولىنى تۇتقان ھالدا غادىيىپ ئولتۇرغانلارغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئۇلار ھېلىمۇ ھەم ئاپتوموبىل سىگنالىنى بولۇشىغا بېسىپ، ماي تەپكىسىنى بولۇشىغا دەسسەپ ئەزرائىلدەك چېپىشىدۇ. سۆيۈملۈك گۈلۈمنى ئاشۇنداق سوقۇپ توزۇتۇۋەتكىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ.

شۇڭا ئۇلارغا نەپرەتلىنىمەن.

ئاپتوموبىل سىگناللىرى قۇلىقىمغا ئەزرائىلنىڭ ئاۋازىدەك مۇدھىش ئاڭلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار ھەرگىز بىلمەيدۇ.

* بۇ مەرھۇم شائىر باتۇر روزىنىڭ مىسرالىرى

شۇڭا ئۇلارغا ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ.

دوستلىرىم مەندىن «شۇنچە يىراقتىكى قەبرىستانلىققا نېمىشقا پىيادە چىقسەن؟» دەپ سورىشىدۇ.

بەلكىم سەنمۇ شۇنداق ئويلىغانسەن.

ئاڭلا گۈلۈم، بۇ مېنىڭ قەسىمىم، سېنى ئاشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلغان كۈنى قىلغان قەسىمىم، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، قەبرەڭگە مانا مۇشۇنداق پىيادە چىقىمەن، ھېلىقى مۇدھىش ئاپتوموبىللارغا ھەرگىز ئولتۇرمايمەن.

كىشىلەر قەبرىستانلىقنى سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق بولىدۇ دېيىشىدىكەن. ئەمما مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس، بولۇپمۇ سېنى دەپنە قىلغان كۈندىن باشلاپ.

ھەر قېتىم قەبرەڭ بېشىغا چىققىنىمدا يۇيۇنىمەن، چاچ ـ ساقاللىرىمنى ياسىتىمەن، پاكىز كىيىملىرىمنى كىيىمەن، ئۈستۈبېشىمغا سەن ئامراق ئەتىرنى چاچىمەن تېخى، خۇددى گۈل ـ گۈلىستانلىق باغى ئېرەمگە سەيلىگە چىققاندەك.

گۈلۈمنىڭ روھى بۇ تۇرقۇمنى كۆرسە، ھاياتنى ھېلىمۇ ھەم ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈپ ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلسۇن، ئەمنى تاپسۇن دەيمەن.

سېزىۋاتامسەن گۈلۈم، سەن ماكان تۇتقان چىمەنلىككە ئاخىرى يېتىپ كەلدىم. نېمىشقىكىن قەبرەڭ جايلاشقان بۇ مازارلىققا يېقىنلاشسام قەلبىمدىكى ئازابلىق تۇيغۇلار بىردىنلا غايىب بولۇپ كېتىدۇ. خاتىرجەم، ئازادە بولۇپ قالىمەن، چۈنكى بۇ يەردە سەن بار، سۆيگەن ئاشىقى بىلەن دىدارلىشىشتىن كىممۇ خۇشاللىق تاپمىسۇن؟! قەبرەڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ساڭا ئەڭ يېقىن تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن، خۇددى نازۇك قامىتىڭنى قۇچاقلىغاندەك، ئەنبەر تىنىقىڭنى ھىدلىغاندەك، بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازىڭنى ئاڭلىغاندەك، مۆلايىم، ھايالىق كۆزلىرىڭنى تاماشا قىلغاندەك.

مانا سۆيۈملۈك قەبرەڭگە يېقىنلىشىۋاتىمەن گۈلۈم، ئاشۇ بىر دۆۋە تۇپراق كۆزۈمگە سەن بولۇپ كۆرۈنىۋاتىدۇ...

ياق! ياق! بۇ مۇمكىنمۇ؟

قەبرەڭنىڭ بېشىدا ئۆزۈڭ تۇرىسەنغۇ گۈلۈم، بېشىڭدا ھاۋارەڭ رومال، ئۇچاڭدا ھاۋارەڭ كۆڭلەك، يەنە تېخى قۇچىقىڭدا بىر بوۋاق ۋە بىر دەستە گۈل.

ئاھ تەڭرىم، بۇ راستىنلا سەن. ياق، سەن ئەمەس. ياق، سەن! سەن ئۆزۈڭ گۈلۈم!

ئاياغلىرىم مىخلىنىپ بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدىم. ھاياجىنىمنى بېسىپ، كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ، تەمكىنلىك بىلەن نەزەر تاشلىدىم.

راست كۆرۈپتىمەن، گۈلۈمنىڭ قەبرە بېشىدا ھاۋارەڭ رومال، ھاۋارەڭ كۆڭلەكلىك بىر گۈل تۇراتتى، ئۇنىڭ قۇچىقىدا بوۋاق، سول قۇچىقىدا بىر دەستە گۈل.

ھەرقانداق ئازابلار ئالدىدا يېڭىلمەس غۇرۇرۇمغا ئېلىپ يىغلىمىغان ئىدىم، شۇ تاپتا بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم. چۈنكى گۈلۈمنىڭ قەبرە بېشىدا تۇرغان گۈل باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مېنىڭ خوتۇنۇم ـ يارىلانغان يۈرىكىمگە بەرگىلىرىدىكى شەبنەملىرى بىلەن مەلھەم بولۇپ تۇرۇۋاتقان سۆيۈملۈك گۈلۈم ئىدى.

بىلىپ تۇرۇپتىمەن گۈلۈم، بۇ گۈلنىڭ قەبرەڭ بېشىغا چىققىنىدىن روھىڭ قىلچىلىك قورۇنمىدى. چۈنكى، سەن سۆيگەن كىشىسىگە بەخت تىلەشنى بىلىدىغان، سۆيگەن كىشىسىنىڭ بەختىدىن بەخت ھېس قىلىدىغان پەزىلەتلىك گۈل ئىدىڭ.

راستىنى ئېيتسام شۇ دەقىقىدە بىر ئاز خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن گۈلۈم. چۈنكى، شۇ چاققىچە قەبرەڭ بېشىغا يالغۇز چىققان ئىدىم، قەبرەڭنى ھەر دائىم يوقلاۋاتقىنىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدىم، سەۋەبى ئۇنىڭ ئاياللىق غۇرۇرىنى ئايىغان، ھۆرمەت قىلغان ئىدىم.

مانا بۈگۈن قەبرەڭ بېشىغا ئۇمۇ چىقىپتۇ، مەندىن يوشۇرۇنچە چىقىپتۇ تېخى.

ئەمدى قەبرەڭنى يالغۇز يوقلىمايدىغان ئوخشايمەن.

ساڭا ئوخشاش بۇ ۋاپادار گۈلۈم بىلەن، يەنە تېخى ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى سۆيگۈمىزدىن شاخ ئايرىغان غۇنچە گۈلۈم ــ پەرزەنتىم بىلەن بىللە يوقلايدىغان ئوخشايمەن.

گۈلۈمنىڭ قەبرىسى يېنىغا قانداق مېڭىپ كەلگىنىمنى بىلمەيمەن.

گۈلۈمنىڭ قەبرە بېشىدا گۈلۈمنى ھەم ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئوماق غۇنچە گۈلۈمنى قوشۇپ باغرىمغا باستىم. گۈلۈمنىڭ كۆز يېشى كۆز ياشلىرىمغا قوشۇلۇپ، گۈلۈمنىڭ قەبرىسىدىن ئۈنۈپ چىققان يۇمران كۆكاتلارغا تۆكۈلدى.

ھەئە، ئەمدى چۈشەندىم. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گۈلگە ئوخشايدۇ. گەرچە گۈلنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ، ساداقەت، ۋاپا بېغىدا ئايىنغان گۈللەر مەڭگۈ تۇزۇماي ئېچىلىپ تۇرىدۇ.

2010 ـ يىل ئاپرېل، يەكەن

---

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولغان ئادەم مەڭگۈ خىيال كېمىسىدىن قىرغاققا چىقالمايدۇ.

▲ ئۆزىنى يېڭەلىگەن ئىنسان ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنساندۇر.

▲ بىگۇناھنىڭ گۇناھكار قىلىنىشى، ئادالەتنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋالغانلىقىدا.

▲ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولمىغان ئەر كىشى ئۆزىنى ئەر دەپ ھېسابلىسا، چېچى يوق تازنىڭ مەن بوستان چاچ دېگىنىدەك ئىش بولىدۇ.

▲ بىرى ساڭا يامانلىق قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يامانلىق بىلەن زەھرىڭنى چاچساڭ، بۇ دۇنيا زەھەرلىك يىلان ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟

▲ پىتنە ـ پاسات يۈرەككە چالا تەگكەن ئوق.

— ئالىمجان ياسىن

▲ ئۆز خاتالىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ تۈزەتمىگىنىڭ، چوڭقا دەسسەپ تۇرۇپ پۇتۇڭنى تارتمىغىنىڭ بىلەن باراۋەر.

— دىلدار ئالىم

▲ دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ بەختكە قويغان ئۆلچىمى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا بەزى بايلارنىڭ بەختسىز، بەزى كەمبەغەللەرنىڭ بەختلىك بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

— داۋۇتجان قاسىم

▲ بەزىدە جەريان نەتىجىدىنمۇ شېرىن.

— ئالىمجان غېنى

▲ زوقلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم ھەسەتخور كېلىدۇ.

— ئاينۇر تۇردى

▲ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقدىم قىلغىنى بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟

— مەرھابا ئەلقەم

▲ تارىخ ھەرقانچە ئېچىنىشلىق بولسىمۇ، ئۇنى ئەسلەش كېرەك.

— ماھىرە مەتمىن

▲ بىلىم ئېلىشتىن قاچقانلىق — ئۆزىدىكى قىممەتلىك بايلىقنى تاشلىۋەتكەنلىك.

— زۆھرەگۈل تۇرسۇن

▲ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر ـ ئەڭ بەختسىز كىشىلەر ۋاز كەچكەن نەرسىدىن ۋاز كەچمىگەنلەر.

▲ مەيلى ئاستا ماڭغۇچى ياكى يۈگۈرگۈچى بولسۇن، ئىزدەنگەن ئادەم ھامان تاپقۇچىدۇر.

— ئېزىزجان راخمان

▲ مېھىر ـ مۇھەببەت سۇغا تەشنا بولغان دىللارنى قاندۇرغۇچى بۇلاققا ئوخشايدۇ، ئۇ ئىنسان قەلبىنى

تەپەككۇر كۆزى

www.uyghurkitap.com

سۆزۈك قەتىرلىرى بىلەن ياشارتالايدۇ.

▲ جۇرئەتسىزلىك ئادەم تېنىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان زەھەرلىك ۋابا، دادىللىق بۇ خىل كېسەلنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا.

▲ ئادەم قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ مېھىر ـ مۇھەببەتكە ۋە خاتىرجەملىككە تولغان ئائىلە بولسا، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ باي ھەم ئەڭ بەختلىك ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ــ ھاۋاگۇل ئابدۇۋەلى

▲ دۈشمىنىڭ يولىرىڭغا تىكەن ئاتقاندا، ئاھ! دەپ ھەسرەتلەنمەي، رەھمەت ئېيت، چۈنكى، دۈشمىنىڭ سېنى قەيسەر بولۇشقا ئۈندىگەن.

ــ سالامەتخان مۇتەللىپ

▲ ئادەم روھىنىڭ قاغجىرىغىنى ــ دەل ئىنسانىنىڭ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگىنى.

▲ ۋىجدان ئازابى تارتقىنىڭ ــ گۇناھقا تووا قىلغىنىڭ.

ــ رىزۋانگۇل سىدىق

▲ ئۆينىڭ تورۇسىغا تاقاشقۇدەك مال ـ دۇنيايىڭ بولسىمۇ، تورۇسنى ياپقۇدەك ئەقلىڭ بولمىسا، مال ـ دۇنيايىڭ ئوغرىغا ھالالدۇر.

ــ ھەسەنجان غېنى

▲ ۋاقىتنى كونترول قىلىشنى بىلگەن ئادەم ــ ئەڭ ئاقىل ئادەمدۇر.

ــ ئانارگۇل ئەخمەت

▲ ئەينەك قانچە سۈزۈك بولسا، نامايەندىسى شۇنچە ئېنىق بولىدۇ.

ــ تۇرسۇنگۇل ئابدۇۋەلى

---

ئاپتورلار: چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى،

يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئەھمەدجان قۇربان

## ئوتلۇق تىنىقلار

▲ ھەرقانچە باي بولۇپ كەتسەڭمۇ، ھىممەت ئالىقانلىرىڭ يېتىم، مىسكىنلەرنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتەلمىسە، باشلىرىنى سىيلىيالمىسا، سېنىڭ بارلىق تاپقانلىرىڭ بىر تىيىن.

▲ ماكانسىزنى ئىت تالايدۇ، ئىمانسىزنى پىت (تالايدۇ).

▲ بەڭگىنىڭ تىنىقى يامان، ۋاپاسىزنىڭ سىنىقى (يامان).

▲ يۇرت ــ ۋەتەننىڭ تېنى ، ۋەتەن ــ يۇرتنىڭ روھى، ئادەم ــ يۇرت ھەم ۋەتەننىڭ جېنى.

▲ كۆڭلىدە زىددىيەت يوق كىشىدە تەپەككۇر مەۋجۇت بولمايدۇ.

▲ باغلاقلىق ئىت ئىگىسىگە قاۋىماس، باغلاقسىز ئىت ئۆز ئىگىسىنى تونۇماس.

▲ ئەخلاق زېمىن، بىلىم چېچەك، ئەخلاقسىز بىلىم پۇچەك بولۇپ مېۋە بەرمەيدۇ.

▲ ئۇچۇشۇڭ بىلىم بىلەن، پەرۋازىڭ ھىممەت بىلەن، ئىززىتىڭ تۆھپەڭ بىلەن بولىدۇ.

▲ ھىممەتكە ئارغامچا كەتمەس، ئىززەتكە شاھانە تون كېرەك ئەمەس.

▲ ئاچ قورساققا ئۇيقۇ خۇشياقماس.

▲ ھۇرۇنلار ئەتىگە تويماس، ئىشچانلار ئەتىگە قويماس.

▲ ھەشەمەت ــ ئەقلىي پۇلپەزلىك، تەكتىدىن بىر خىل روھىي كېسەللىك، ئۇنىڭ ئەڭ شىپالىق دورىسى ــ قانائەت ۋە كەمتەرلىك.

▲ نەسىھەت ئاقىلغا ئىلھام، نادانغا تەنبىھ تۇيۇلار.

▲ ئادەمنىڭ قىممىتى ئاتىغا، خىسلىتى ئانىغا باغلىق بولىدۇ.

▲ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق ــ ۋەتەن، ۋەتەن مېھرى ئۇيغاتقان ھېسسىيات ــ مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدۇ.

▲ ھەشەمەت ــ «ھىممەت» تۆكۈپ، ھۆرمەت تىلەشتۇر.

▲ پۇلى كۆپ ئادەم كەم سۆز كېلىدۇ، پۇلى ئاز ئادەم كۆز ـ كۆز قىلىدۇ.

▲ چاناققا پاتمىغان ياش، يۈرەككە قان بولۇپ تامىدۇ.

▲ بېخىلنىڭ پۇلى يانچۇقىدىن چىقمايلا پاخال بولىدۇ.

▲ ھەشەمەت، سۆلەتۋازلىق ــ زەئىپ تەنگە كىيىلگەن ياماق كىيىم.

▲ چىپىلغاق دەشنەمگە يېقىن، كۆڭۈلچەك پۇشايمانغا (يېقىن).

▲ جىسمانىي ساغلاملىق ــ تىرىكلىكىنىڭ، روھىي ساغلاملىق ــ مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالىتى.

▲ ئۇتۇش ــ تاللىنىشتىن، ئۇتتۇرۇش ــ شاللىنىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ بىردىنبىر شەرتى.

▲ ئۇششاق تاشلارنى سۇ ئېقىتىپ قۇملارنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋېتىدۇ.

▲ بىر شاختىكى گۈللەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئاۋۇ ئانداق، ماۋۇ مانداق دەپ ئاداۋەت تېرىشى گۈل قىسمىتىنىڭ باشلىنىشى، چۈنكى، گۈللەرنىڭ شەكلى، پۇرىقى ھەر خىل بولسىمۇ، شېخى ۋە يىلتىزى ھامان بىر.

▲ باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەۋزەللىك — ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش.

▲ قانۇننىڭ ھۆرمىتى — قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ساپاسىغا باغلىق.

▲ پالتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىسىغا، كۈچى ئۇنى تۇتقان بىلەكنىڭ كۈچىگە باغلىق.

▲ مەئىشەتلىك تۇرمۇش — بەختلىك تۇرمۇشنىڭ كۆلەڭگىسى، لېكىن ئۆزى ئەمەس.

▲ پارىخورلۇق نەپسى سازلىققا ئوخشايدۇ، لۆمشۈپ تۇرسىلا ئاخىر ئۆز ئىگىسىنىمۇ يالماپ يۇتۇۋېتىدۇ.

▲ پارا — ئاچ بېلىقنى تومشۇقىدىن ئىلىندۇرىدىغان رەھىمسىز قارماق.

▲ ئەقلىڭ بىلەن ئۇچساڭ ئۇزاققا ئۇچىسەن، نەپسىڭ بىلەن ئۇچساڭ تۇزاققا چۈشىسەن.

▲ ئۆز جىمجىتلىقى ئارقىلىق ئۆزىنى بايقاش — ئويغىنىش، ئۆز تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۆزىنى يارىتىش— ياشاش دېمەكتۇر.

▲ زالىم زۇلۇمى بىلەن يېگانە بولسا، بېخىل بېخىللىقى بىلەن دىۋانە بولىدۇ.

▲ بەگىنىڭ تەشتىكىدىكى گۈلدىن نەشە پۇرايدۇ، تۇلكىنىڭ قولىدىكى گۈلدىن قان (پۇرايدۇ).

▲ ئاجىزلارنىڭ قولىدىكى شىر ئىتقا ئېتىلالمايدۇ، ياۋۇزلارنىڭ قولىدىكى مۈشۈك يولۋاسقا خىرىس قىلىدۇ.

▲ سەن مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ بىچارە دېسەڭ، مەن سېنىڭ تۇيغۇڭغا قاراپ بىچارە دەيمەن.

▲ بىلسەڭ دۇنيا ئانىلارنىڭ قولىدا، يەنى پەرزەنتنى ساپ ۋىجدان - غورۇر، مۇكەممەل ئەقىل - پاراسەت، تەۋرەنمەس ئىمان - ئېتىقاد ۋە توغرا دۇنيا قاراش بىلەن تەربىيەلەپ چىققان ھەم چىقالايدىغان ئانىلارنىڭ قولىدا.

▲ شەخسىيەتچىلىك پادىنى توپتىن، ئادەمنى يۇرتتىن (جامائەت) تىن ئايرىيدۇ.

▲ قۇياش نۇرىدا ئالەم يورۇيدۇ، بىلىم نۇرىدا ئادەم (قەلب) يورۇيدۇ.

▲ ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولمىغان شەرەپتىن ئۇيالغىن.

▲ ياۋاش— غەمكىن كۆرۈنىدۇ، خۇشخۇي— تەمكىن.

▲ چىللىيالمىغان خوراز تاڭدىن قورقىدۇ.

▲ بىر تال قومۇش تىك تۇرالماس.

— ھەسەنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغاچى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ جىسمانىي ھاردۇقنىڭ دورىسى — قېنىپ ئۇخلاش، روھىي ھاردۇقنىڭ دورىسى — ياخشى كىتابلارنى ئوقۇش.

▲ ئەتراپىمدىكىلەرگە شۇنداق خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ: ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز ھەرەمگىمۇ ئات- ئېشەكلىك بېرىپتىكەن. قاتناش ۋاستىلىرىڭلارنى ئاستىراق ھەيدەڭلار. بولمىسا «مەنزىل» گە بالدۇر بېرىپ قالىسىلەر!

— ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام

---

ئاپتور: نىيا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتە

※ ※ ※

▲ قەلبىنى كۈچ بىلەن ئىگىلەش مۇمكىن بولمايدىغانلار كۈچلۈكلەر، پۇل بىلەن ئىگىلەش مۇمكىن بولمايدىغانلار ئالىيجانابلار، ھىيلە بىلەن ئىگىلەش مۇمكىن بولمايدىغانلار دانالار.

▲ ئىشنى خاتا قىلىپ «ئاھ» دېگۈچە، ئەقىل ئىشلىتىپ «پاھ» دە.

▲ گۇناھ تۇيغۇسىنى بالاڭغا ئۆگەتسەڭ، قېرىغاندا غەمنى ئاز يەيسەن.

▲ ئادىل بولساڭ، ھەقىقەت ئۈستىدە سۆزلىيەلەيسەن.

▲ بايقىساڭ تويمۇ ئالتۇن ئەمەس، پايدىلىنالىساڭ ھەممە نەرسە ئالتۇن.

▲ چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىساڭ، ئاددىي ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىل.

▲ ئاڭلىغانغا قارىغاندا كۆرگەنلىرىڭ، كۆرگەنلىرىڭگە قارىغاندا قىلغانلىرىڭ بەكرەك ئېسىڭدە قالىدۇ.

▲ دوستى كەمنىڭ بېشىدا غەم.

▲ ئەخلاقلىقلىق — ھۆرمەتلىك، ئەقىللىقلىق — مۇۋەپپەقىيەتلىك، ساقلىقلىق — بايلىقلىق.

— تۇرسۇن ئابلەت

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا كەسپى 2007- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادىكى ئەڭ پەسكەشلىك ھەم نامەردلىك— باشقىلارنىڭ ئازابى بەدىلىگە خۇشاللىققا ئېرىشىش.

▲ كۆز كۆرمىگەننى سۆزلەشنىڭ ئۆزى سەپسەتە.

▲ گۇمان پىتنە - پاسات ئۈچۈن، پىتنە - پاسات سەپسەتە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

▲ ئالدىراۋاتقانلارغا قاراپ ھەيران قالماڭ، چۈنكى ئۇلار بۇ چەكلىك ئۆمرىدە چەكسىزلىككە

ئىنتىلدىغانلاردۇر.

ــ ئابلەتجان شۇكۇر خۇش چاقچاق

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازار لەنگەر كەنتىدە

## سوغۇق تىنىقلار

▲ ئاتلىنغانغا ئىشىنىۋېرىش كىشىلەرنى كۆرگەنگىمۇ ئىشەنمەس قىلىۋېتىدۇ.

▲ ھايات ــ تاللاش جەريانى؛ ئىزدىنىش ــ ئويغىنىش مەشئىلى.

▲ سەن باشقىلارغا يول كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭ شۇ يولدا مېڭىپ باق؛

▲ غەيۋەت ـ شىكايەت ــ بىكار تەلەپلەرنىڭ ئىسمىنا خىزمىتى.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ غايىسىنى ئاددىي ھەرىكەت ـ مىزانى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛

▲ ئادەم مەڭگۇ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆگىنىپ بولۇپ ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆگىنىشى كېرەك؛

▲ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئۇستاز پەرقلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ــ بىلىم ئۆگىتىدۇ، ئۇستاز ــ ياشاشنى.

ــ ھەسەنجان مۇسا

ئاپتور: شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى يېتۈك ئىزباسارلار ئىنستىتۇتى كلىنىكا دورىگەرلىكى 2007 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ بەش بارماق يۇمۇلمىغىچە مۇشتقا ئايلانماس.

▲ تاغ چوققىسىدا تۇغراق تۇتماس، قومۇلۇقتا قارىغاي.

▲ ئەخلاقلىق يوقسۇلدىن پادىشاھتا يوق سۈپەتلەر تېپىلىشى مۇمكىن.

▲ ئادەم ھاياتى ياغاچ بۆشۈكتىن يەر بۆشۈككىچە.

▲ ئۆلۈمنىڭ ئارقا ئىشىكى يوق.

▲ تۇغۇلغاندا ئۆزى يىغلايدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلار.

ــ مەمەتتۇرسۇن ئىسمائىل

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى 2007 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەركىن پىكىرلەر

▲ ئالا كۆڭۈلنىڭ كۆڭلى قىشنىڭ ئاپتىپىغا ئوخشايدۇ. ئۇ قانچە پارلاپ تۇرسىمۇ ساڭا ھارارەت ئاتا قىلالمايدۇ.

▲ تەكەببۇرلۇق ــ ئىنسان ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشى.

▲ باشقىلارغا بېسىم قىلىش بەدىلىگە يېرىشكەن ئىناۋەت ئۆلىنى زەي تارتىپ كەتكەن تامغا ئوخشايدۇ.

▲ روھىي چىرىگەن ئادەمنىڭ جىسمىمۇ چىرىيدۇ.

ــ ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك ئىنتىپاق كومىتېتىدا كادىر

※ ※ ※

▲ مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى يۈرەكتە بولىدۇ.

▲ قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇش تەقدىرىڭدىن، قانداق ئائىلە بەرپا قىلىش ئەقلىڭدىن.

▲ تىكەنسىز گۈل ئوتتاي ئۆزۈلىدۇ، شۇڭا بالدۇر توزۇيدۇ.

ــ ئەمەتجان رىشىت تىكەن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سۆز ئېغىزدىن چىققىچە ئادەم باشقۇرىدۇ. ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ.

ــ ئەركىن مەمەت

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق بازار 6 ـ مەھەللىدىن

▲ سىنىپتىكى نەتىجەڭ سىنىپتىكى ئورنۇڭنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتتىكى نەتىجەڭ كەلگۈسۈڭنى.

▲ مەقسەت ۋە غايەڭ ھەرىكەتكە ئايلانغان ۋاقتىڭ دەل يېرىم غەلىبە قىلغان ۋاقتىڭدۇر.

▲ دوستۇڭنىڭ ساداقەتسىزلىكى ھاياتىڭنى، سۆيگىنىڭنىڭ ساداقەتسىزلىكى قەلبىڭنى ئۆلتۈرىدۇ.

▲ تۈنۈگۈن بۈگۈن ئۈچۈن جاۋاب، بۈگۈن ئەتە ئۈچۈن سوئال.

▲ ئالىي مەكتەپكە مۇھەببەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ بۈگۈنى خۇشھال، ئەتىسى خوش، قال! ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ بۈگۈنى دەردلىك، ئەتىسى غەلىبىلىك؛ ھاراق ئىچىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ بۈگۈنى مەستلىك، ئەتىسى پەسلىك.

▲ چاكىنىلارنىڭ مۇھەببەت پەلسەپىسى: بىرگە سادىق، كۆپكە ئاشىق بولۇش.

▲ ئىنسان ياخشىلىقنىڭ ئۆلۈمى بولمايدۇ، ئۈنۈمى بولىدۇ.

ــ تاھىرجان نەمەت

ئاپتور: سانجى ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىلى فاكۇلتېتىدىن

## ھېكمەت تامچىلىرى

▲ مەزھەپ ئىسكەنجىسىنى بۇزۇپ تاشلىيالمىغان

www.uyghurkitap.com

زىيالىي ئىنقكى ئۇ زىيالىي ئەمەس، خىيالىي ناداندۇر.

ــ سىدىقھاجى ھېلىم (خانئۆيى)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 26- ئوتتۇرا (بەشكېرەم ئوتتۇرا) مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى كۇرۇپېيسىدىن

## توغرۇل تىنىقلىرى

▲ ئاجىز، كەمبەغەللەرنىڭ ئالدىدا چىشىڭنى كوچىلىما، قورسىقىڭنى سىلىما!

▲ بىرى يۈزى قىزارمايدىغاندىن، يەنە بىرى يۈزى ئۆتتەك قىزىرىدىغان ئادەمدىن قورق.

▲ كىتاب- ژۇرناللارنىڭ ئورنى قەيەردە بولسا بالىۋاقىنىڭ ئورنىمۇ شۇ يەردە بولىدۇ.

▲ ئورۇنسىز خاپىلىق تارتماي دېسەڭ، بىرى ئوغرىدىن، بىرى ئۇششۇقتىن مال ئالما.

▲ ئەقىللىق قۇش قاقشال دەرەخقە قونماس.

▲ ئاياللار بىر كىشىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئەرلەر بولسا ئارتۇقچىلىقىنى ئاۋۋال كۆرىدۇ.

▲ توختاملىق ئىش بۇزۇلماس، توختامسىز ئىش قولاشماس.

▲ توختامسىز ئىش ــ نىكاھسىز ئۆي تۇتۇشقا ئوخشايدۇ.

▲ چاپان يەڭدىن، ئاياغ چەمدىن بۇزۇلىدۇ.

▲ يېرىم يالىڭاچ يۈرگەنلىك ئەمەلىيەتتە (پاكىزلىقنى) پاكلىقنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر.

▲ سوغۇققان بولساڭ مۇكاپاتىڭ، قىزىققان بولساڭ جازايىڭ (پۇشايمان) كۆپ بولىدۇ.

▲ خەقنىڭ ئالدىدا ماڭساڭ ئۆزۈڭگە، خەقنىڭ كەينىدە قالساڭ يۈزۈڭگە ھېزى بول.

▲ تاتلىق چىشنى، ئاچچىق ئۆتنى بۇزار.

▲ ئوغرىنىڭ كۆزى بىلەن قولى ئىتتىك، قىمارۋازنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاغزى ئىتتىك.

ــ ئابدۇغېنى توختى توغرۇل

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر «توغرۇل» كىتابخانىسىدىن

※ ※ ※

▲ ئويۇنغا بېرىلگەننىڭ خەتىرى، خوتۇنغا بېرىلگەننىڭ كېسىلى كۆپ.

▲ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن ئەر بويتاق، تەتۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن ئايال تۇل قالىدۇ.

▲ قارانچۇق ئەر ئىزاغا يېقىن، ياسانچۇق خوتۇن زىناغا يېقىن.

▲ پۇلى بىلەن داڭ چىقارغاننىڭ نامى يىلغا سوزۇلار، بىلىمى بىلەن داڭ چىقارغاننىڭ نامى ئەسىرگە سوزۇلار.

▲ ئادەمىيلىكنى سېتىش بەدىلىگە رەڭۋازلىق قىلىش ياشاش، كىشىلىك قەدىر ــ قىممەتنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ئۆزۈڭنى تونۇمىساڭ، ئايالىڭ تونەكخانىدا، پەرزەنتىڭ قاماقخانىدا كۆن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

▲ مەيگە بېرىلگەننىڭ تىلى سۆزگە، پۇتى گۆرگە يېقىن.

▲ ئۈمىدلىك ئادەم تۆرگە لايىق، ئۈمىدسىز ئادەم گۆرگە.

▲ ھايات ــ بىر رومان، ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن سەۋر، ئۈمىد، غەيرەت ۋە چىدامچان يۈرەك بولمىسا بولمايدۇ.

ــ ئابدۇۋەلى ئابدۇغېنى خاتىپ

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوز يەر باشقۇرۇش كومىتېتى باشتېرىم كەنتىدىن

## تۇيغۇ تامچىلىرى

▲ «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس» دېمەي، خاتا باسقان قەدىمىڭنى سەزگەن ھامان كەينىڭگە يان!

▲ ئاقىۋەتنى بىلىپ تۇرۇپ مېڭىش ــ قارامىلىق، بىلمەي تۇرۇپ مېڭىش ــ تەۋەككۇلچىلىك.

▲ تىل ئۆگىنىش ياخشى ئىش، بىراق نىشانسىز ئۆگىنىش ــ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى.

ــ باھارگۇل روزى سەبرى

---

غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمانلىق 2009 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ئادەم ــ غەم بىلەن خۇشاللىقتىن ئاپىرىدە بولغان مۆجىزە.

▲ باشقىلاردىن ئاغرىنىش ــ خاراكتېرى ئاجىز ئادەملەردىكى ئەڭ ئېغىر پىسخىك كېسەللىكتۇر.

▲ سىزنىڭ ئۆللىق تەبەسسۇمىڭىز باشقىلارغا بەرگەن ئەڭ ياخشى سالىمىڭىزدۇر.

▲ ھەسەت ئوتى تۇتاشقان قەلبتە ئەقىلگە قانداقمۇ ئورۇن بولسۇن؟

ــ ئابباسجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا شۆگە 3 - كەنت 70 - قورۇ

## قاناتلانغان تەپەككۇر

▲ باشقىلارنىڭ «ئالاھىدە ئىلتىپات» لىرىنى «مېھنەت» سىز قوبۇل قىلىۋەرگىنىڭىزدە ئۆزىڭىزنى

ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ بېقىڭ.

▲ ھەقىقىي ئادىمىيلىك بىلەن ياشاشنى ئاتا - ئانامدىن ئۆگەنگەن بولسام، قانداق بىلىم ئىگىلەش ۋە توغرا تەپەككۇر قىلىشنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئۆگەندىم.

▲ توي - تۆكۈن ئىشلىرىڭغا كەلمىگەن دوستلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالساڭمۇ، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا تەسەللى بەرگەن دوستلىرىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما.

▲ بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ئىش — ئۆز ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى باشقىلاردىن ئاڭلاش.

▲ مۇھەببەتتە ئىرىشىش قانچە تېز باشلانسا، ۋاز كېچىشمۇ شۇنچە تېزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئەڭ كۆپ مېھمان چاقىرغۇچى — بىر بولسا سېخىي مېھماندوست، بىر بولسا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان جان باقار خۇشامەتچى بولۇشى مۇمكىن.

— بەھرىنىساقىز ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: يەكەن ناھىيە رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزىدىن

# بىخ سۈرگەن تەپەككۇرلار

▲ ئىزا - ئاھانەت ئىچىدە يېتىپ ئۇخلىغاندىن، جاپا - مۇشەققەتتە ئۆرە تۇرۇپ ئىشلىگەن ياخشى.

▲ تەسەۋۋۇر مۇلاھىزە دېمەكتۇر، مۇلاھىزە مۇھاكىمە دېمەكتۇر، مۇھاكىمە ئەقىل دېمەكتۇر، دېمەك، تەسەۋۋۇر ئەقىلنىڭ مەنبەسىدۇر.

— ئابدۇراخمان ئابدۇغېنى (سەھرايى)

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا لەنگەر كەنتىدىن

# تەپەككۇردىن تۇنجى چۇقانلار

▲ ئىسراپچىلىق باياشاتلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى روھىي نامراتلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ئەجدادلىرىمىز ئەۋلادلىرىنىڭ «ئالىم ئادەم» بولۇشىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇلاردىن جاھاننى تاڭ قالدۇرىدىغانلار چىققان. بىز ئالىم بولۇشىغىلا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈۋېتىپتۇق.

▲ ئىلىمسىزلىك روھىي نامراتلىقنى؛ روھىي نامراتلىق روھىي زەئىپلىكنى؛ روھىي زەئىپلىك چۈشكۈنلۈكنى؛ چۈشكۈنلۈك يوقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ئەمما ئۆز بېشىمچىلىق قىلماڭ!

▲ ئۆزۈمدەك ياشاي دېسىڭىز ياخشىلارنى ئۈلگە قىلىڭ، ئەمما تەقلىد قىلماڭ!

▲ بىز ئىللەتلىرىمىزنى قامچىلايدىغانلارغا ئەمەس، تۈزىتىشكە يول كۆرسىتىدىغانلارغا موھتاج!

▲ تىلىڭىز بىلەن دىلىڭىز بىردەك بولغاندا ئاندىن قىلغان سۆزىڭىز باشقىلارغا تەسىر قىلىدۇ.

— شۆھرەتجان ھەبىبۇللا

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغۇچى

※ ※ ※

▲ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە مۇكەممەل بولغان ئەمەس، بىز پەقەت مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ياشايمىز.

▲ ئىشەنچ — تۈگىمەس، شۇنداقلا خورىماس دەسمايە.

▲ پۇشايمان — دورا تېپىلمايدىغان كېسەل.

— ئالتۇنگۈل ئەھمەتباقى

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا شاخلىق كەنتىدىن دېھقان

# تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ بالا دەردىدە، يار دەردىدە ساراڭ بولغاننى، جېنىدىن كەچكەننى كۆردۈم. ئاتا - ئانا دەردىدە ساراڭ بولغاننى، جېنىدىن كەچكەننى كۆرمىدىم.

▲ دېھقانلار يەر تېرىشنىلا بىلىپ سىياسەتنى بىلمىسە، ئۆزگىنى باي قىلىدۇ، ئەگەر يەر تېرىشنىمۇ، سىياسەتنىمۇ بىلسە ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ باي قىلىدۇ.

▲ پۇلنىڭ كۈچى ئاشقانسېرى، مۇھەببەتنىڭ كۈچى سۇسلىشىپ بارماقتا.

▲ ئاشىق - مەشۇقلار مۇۋاپىق سىناشسا مۇناسىۋىتى مۇھەببەتكە، بەك ئاشۇرۇپ سىناشسا مۇناسىۋىتى نەپرەتكە ئايلىنىدۇ.

▲ ئاتا - ئانىمىز تەلەپنى قاتتىق قويسا بالا ۋاقتىمىزدا ئاغرىنىمىز. تەلەپنى قاتتىق قويمىسا ئاتا - ئانا بولغاندا ئاغرىنىمىز، بىز زادى قاچان ئاتا - ئانىدىن رازى بولىمىز؟!

▲ ئوقۇتقۇچىلار دائىم ئوقۇغۇچىلاردىن «چۈشەندىڭلارمۇ؟» دەپ سوراپلا قالماي، ئۆزىدىنمۇ: «مەن چۈشەنگۈدەك دەرس ئۆتەلىدىممۇ؟ چۈشەندۈرەلىدىممۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇشى كېرەك.

— ئەمەتجان رىشىت تىكەن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2008 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

# ئەمەلىيەت تۇغقان تۇيغۇلار

▲ ئالىملار مىللەتنىڭ مېڭىسى، سىياسىيونلار ئاغزى، يازغۇچىلار كۆزى، ئوقۇتقۇچىلار يۈرىكى،

سودىگەرلەر قۇلىقى، بايلار پۇتى، دېھقانلار قولى، بىكار تەلەپلەر سوقۇر ئۈچەيى، كەيپ قىلىدىغانلار مەقئىتى، خائىنلار چولڭ تەرىتى.

▲ قانائەتنى جىسمىڭ ئۈچۈن دوست تۇت، روھىڭ (مەنىۋىيىتىڭ) ئۈچۈن دۈشمەن.

▲ كىتابنى ياقتۇرماسلىق — بىلىم خەزىنىسى ئاختۇرماسلىق.

▲ ھېكمەتلىك سۆز — قىممەتلىك سۆز، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭ - قىلمىساڭ قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن سېنىڭ قىممىتىڭ ئۆزگىرىدۇ.

— ياسىنجان ئابدۇراخمان (روناقى)

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ كەسىپىنلا سۆيۈپ تۇرمۇشنى سۆيۈشنى بىلمىگەن ئادەم ھەقىقەتەن يالغۇز قالىدۇ.

▲ بىكارچى ئادەم — ئىستىرېلكىسىز سائەت.

▲ ئېگىمەن دەۋەرسىڭىز سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن.

— مۇختەر مۇھەممەت

ئاپتور: باي ناھىيە قىزىل يېزا خەلق ھۆكۈمىتىدىن

## ئوتقاش تەپەككۇرلىرى

▲ ئىشلەپ تاپقانلار توقلۇقتىن ناخشا ئېيتار، تاپتەك ياتقانلار يوقلۇقتىن ۋايساپ قاقشار.

▲ ئەخلاق - ھاياتنى كۆزگە ئىلمىساڭ تالادا قالىسەن، قانۇن - مىزاننى كۆزگە ئىلمىساڭ بالادا قالىسەن.

— ئابلىكىم غوپۇر ئوتقاش

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى 2007- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ باشقىلارغا ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان ئادەم پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ روھى تويۇنغان ئادەم ماددىي نەرسىلەرنىڭ قۇلى بولۇشنى خالىمايدۇ.

▲ ئىشەنچ — روھىي تاغ، گۇمان — دىلدىكى داغ، سۆيگۈ — گۈلزارلىق باغ.

▲ قىزلىرىنىڭ ساپالىق بولۇشىغا مەبلەغ سالغان مىللەتنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولىدۇ.

▲ قىزى بۇزۇلغاننىڭ ئىزى يوق.

▲ بەزىدە قارامىلىقىڭ يارامىلىقىڭ ئەمەس، بەلكى نادانلىقىڭ بولۇشى مۇمكىن.

▲ پۇرسەت يوشۇرۇن، كىرىزىس ئاشكارا كېلىدۇ، شۇڭا پۇرسەتنى تۇتۇشقا ئەقىل، كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشقا ئىرادە كېتىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار ئاجىز، ماختىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلار مەنمەنچى، پەقەت ئەقىل بىلەن ئىشلەيدىغانلار نەتىجە قازىنىدۇ.

▲ رىقابەتلىشىش ئېڭى يوق كىشىلەر مەڭگۈ نەتىجە قازىنالمايدۇ،

▲ ئىستېمالچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان مىللەتنى نامراتلىق باسىدۇ.

▲ ئايالىغا ئىگە بولالمىغان ئادەم ئاھانەتكە قالىدۇ، ئائىلىسىگە ئىگە بولالمىغان ئادەم جاھالەتتە قالىدۇ، بالىلىرىغا ئىگە بولالمىغان ئادەم نادامەتتە قالىدۇ.

▲ كۆڭۈل خۇشى ئىشلارغا مايىل مىللەتلەردە يېرىك سانائەت بولمايدۇ.

▲ ساختا بىلىشتىن - خاتا بىلىش خەتەرلىك.

▲ مۇدۇرۇپ ياشاشقا قارىغاندا مۆگدەپ ياشاش خەتەرلىك.

▲ تىلى دىلىغا يېقىن، ئەمەلىيىتى تىلىغا يېقىن ئادەمنى زىيالىي ساناش مۇمكىن.

▲ كىتاب زۇۋان سۇرمىگەن بىلەن زۇۋانىغا كەلتۈرەلەيدۇ.

▲ چۈشكۈنلۈك — پۇرسەتنىڭ ئارغامچىسىنى بوشىتىۋېتىدۇ.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىدىن

※ ※ ※

▲ مۇساپىرنىڭ ھېيتتا كۆڭلى سۇنۇق، يېتىمنىڭ تويدا.

▲ كىشىلىك تۇرمۇشتا قىلالمايدىغان ئىش يوق، قىلمايدىغان ئىش بار.

▲ مەكتەپتە شەكىلۋازلىق كۆرۈلسە، بالىلاردا ساپاسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

— ئابدۇللا ئابلىز

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزىدىن

## تەپەككۇر غورىلىرى

▲ نادانغا ئالتۇن بەرسەڭمۇ بەربىر يارماق ئورنىدا خەجلەيدۇ.

▲ دۇنيادا ئۈچ خىل ئايالدىن ھەزەر ئەيلە: پۇلغا ئىشىنىدىغان ئايالدىن، ياسانچۇق ئايالدىن، ئېرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئايالدىن.

▲ ئەينەك سىمايىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن بىلەن قەلبىڭنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

▲ قەلبىنى نۇر ئارقىلىق تۇتاشتۇرغۇچىلارنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇر بولىدۇ.

▲ كىشىدىكى پۇل، چۈشىدىكى پۇل.

— سەمەتجان تۇرسۇن

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئويغانغان روھ تىۋشلىرى

▲ سۆيگۈنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغانلارغا سۆيگۈ ئاتا قىلىش ئادەمنى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قويىدىغان ئەخمەقلىقتۇر.

▲ بىراۋنى «دوستۇم» دېيىشتىن بۇرۇن «مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىيەلەيمەن» دېگەننى ئويلا.

▲ ھەر خىل ناخشا - مۇزىكىغا مۇڭلىنىپ ئولتۇرغىنىڭدا «ھەقىقەتنى ئاڭلىيالماي قېلىۋاتامدىمەن - قانداق؟» دېگەننى ئۇنۇتما.

▲ سەندە بىر جۈپ كۈچلۈك بىلەك بولمىسىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان يۈرەك، باشقىلارغا ياردەم بەرگۈدەك تىلەك بولسۇن.

— ئارزۇگۈل ئوبۇلقاسىم

ئاپتور: شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىلى ئىنستىتۇتى دەسلەپكى مائارىپ 2009 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاممىباپ پىكىرلەر

▲ تۇرمۇش تۇخۇمغا ئوخشايدۇ، دىققەت قىلمىساڭ چىقىۋالىسەن.

▲ نەپسى بالالىق — ئۆزگىگە خارلىق.

▲ زېمىن — ئىشلىگەنگە ئېچىل داستىخان.

▲ چېكىشى نەشە — زەئىپ ھەممىشە.

▲ ھاراق — جىسمىڭغا بەتلەنگەن ياراق.

▲ پىلانسىزلىق — كېلىش ئالدىڭدىكى بەختسىزلىك.

▲ نان — مېھنەتلىك جان.

▲ ئىرادە — مىسران قىلىچ.

▲ ئىمتىياز — ئۆتكۈنچى يامغۇر.

▲ ھەققانىي يازغۇچىلار، مەسئۇلىيەتچان رەھبەرلەر، ساخاۋەتلىك تىجارەتچىلەر، ئىمان - ئېتىقادلىق يۇقىرىلار مەڭگۈ دەۋرنىڭ قايماقلىرىدۇر.

▲ ھاياتتىن بىزارلىق ھېس قىلغان ئەي نادان ئىنسان! قاغجىرىغان دەشت - چۆللەردىكى يۇلغۇن، توغراققا قارا.

▲ جاڭگالدىكى چىغىر يول ئالدىڭدا ھاياتلىقنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت.

▲ يۈكنىڭ ئېغىرىنى ئۇلاغ بىلىدۇ، كەپىنىڭ ۋەزنىنى قۇلاق.

▲ ئۆمۈر — كۆيۈپ ئۆچكەن كۆمۈر.

▲ نەپسىنى يەڭگەن ئادەم پىلسىراتتىن ئۆتكەن ئادەم.

▲ مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق — چىن دوستلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل تام.

▲ ئائىلە — ئۆتكۈنچى دۇنيادىكى ئاچچىق - چۈچۈك، شېرىن - تاتلىق قىسمەتلەر پۈتۈلگەن ئارخىپ.

▲ قەلب — قۇلۇپ، بىلىم — ئاچقۇچ.

— سەۋرىدىن ھېنىپىدىن

ئاپتور: قاراماي شەھەر جەرەنبۇلاق نېلۇپەر مەھەللىسىدىن

## تەپەككۇر تەسراتلىرى

▲ باشقىلاردىن «سەن كىم» دەپ سورىغىچە، ئۆزۈڭدىن «مەن كىم؟» دېگەن سوئالنى دائىم سوراپ تۇرغىن.

▲ مودا كىيىم، قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەت ۋە ھەر خىل بويالغان چاچ پاسونى ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتنىڭ نوقۇل ھالدىكى بەلگىسى ئەمەس.

— ئابدۇۋەلى تۇردى

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە ئارال بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گورۇپپىسىدىن

※ ※ ※

▲ ھايات — ئوت يالقۇنى، ئۇنىڭ يېنىش، ئۇلغىيىش، پەسىيىش دەۋرى بولىدۇ.

▲ جەمئىيەت ياشىغۇچىلار ئۈچۈن پائالىيەت سورۇنى، تەربىيە ئالغۇچىلارنىڭ تەلەپكار ئۇستازى.

▲ تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن زارلىنىش — يېتىپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەشتۇر.

▲ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىرادە، مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ساداقەتتىن كېسەك، ئىشەنچتىن ئۇل ھازىرلاش كېرەك.

▲ بىخ ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرۇلمىغان خاتالىق كېيىنكى جىنايەتنىڭ يولباشچىسىدۇر.

▲ مۇھەببەت پەيدا بولغاندا، سۆيۈش بىلەن باشلىنىپ، بۇزۇلغاندا — سۆكۈشكە ئايلىنىدۇ.

▲ مۇھەببەت — ھەرگىزمۇ جەڭ مەيدانىدىكى بويسۇنۇش، بويسۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئېرىشىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ - ئېرىشتۈرۈش، سۆيۈپ تۇرۇپ - سۆيۈلۈشتىن ئىبارەت ئىنسانىي مىزان.

—مەۋلۇدە تۇرسۇننىياز

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007-يىللىق 9 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل ئۆتەڭلىرىدە

▲ بىرى كۆپ دېگەنلىكىڭدىن، يەنە بىرى كۆپ يېگەنلىكىڭدىن كىشى سېنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالىدۇ.

▲ قەلبىڭ ئۈمىدكە، جىسمىڭ ھەرىكەتكە كەلگەندىلا قەدىمىڭ بەرىكەت تاپىدۇ.

▲ سەن ئىچ سىرلىرىڭنى دەۋاتقىنىڭدا ئىچىڭ بوشىغاندەك قىلغىنى بىلەن، دەپ بولۇپ ئۆزۈڭنى يالىڭاچ تۇرغاندەك ھېس قىلىسەن.

▲ باشقىلارغا لەقەم قويۇشتىن ئاۋۋال، ئۆزۈڭنىڭ لەقىمىڭنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قوي.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆزگىگە كۆز - كۆز قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بارلىقىغا قاراپ باق.

▲ ئاداۋەت قانچە ئۇزۇن ساقلانغان بولسا، قىساسى شۇنچە چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ.

▲ بىراۋنىڭ ساڭا ئەدەپسىز چاقچاق قىلغىنى تومۇرۇڭنى تۇتۇپ باققىنى ياكى سەن مۇشۇ چاقچاققا لايىق ئادەم بولغانلىقىڭدىن تەپ تارتمىغىنى.

—ئايتۇرسۇن ئابلىكىم

ئاپتور: گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ خاتا تەربىيەلەنگەن ياكى ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن بىر قىز سەۋەبىدىن بىر ئائىلە ياكى بىر قوۋم ۋەيران بولۇشى مۇمكىن.

—تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدىن

# ژۇرنىلىمىزنىڭ شان - شەرىپى


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ژۇرنالچىلىق جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 6 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» نى باھالاش پائالىيىتى 2009 - يىل 12 - ئايدا باشلىنىپ 2010 - يىل 2 - ئايدا ئاياغلاشتى.

بۇ قېتىمقى باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەر خىل تىل - يېزىقتىكى 159 خىل ژۇرنال ئىچىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق 25 خىل ژۇرنال «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. بۇ، ژۇرنىلىمىز — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ 1999 - يىلى «شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك باھالاشتا ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، 2001 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك باھالاشتا «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال»، «شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى ژۇرناللارنىڭ 2 - نۆۋەتلىك سۈپەت باھالىشىدا 1 - دەرىجىگە ئېرىشكەن ژۇرنال» بولۇپ باھالانغاندىن كېيىنكى يەنە بىر شان - شەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى توغرىسىدا چىقىرىلغان ش ئا ن ب [2010] 4 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ نەتىجىسى، دۆلىتىمىزنىڭ «نەشرىياتچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ژۇرنال نەشر قىلىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن دەسلەپكى باھالاش، قايتا باھالاش، ئاخىرقى باھالاش ۋە ئاشكارا پىكىر ئېلىپ باھالاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن.

بۇ قېتىمقى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ژۇرناللار توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە ۋە نەشرىياتچىلىق فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەشۋىقات ئىنتىزامى ۋە دۆلەتنىڭ نەشرىياتچىلىققا ئائىت قانۇن - نىزاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ساغلام ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بازار رىقابىتىدە دادىل پۇت دەسسەپ تۇرغان؛ ئۆزىگە خاس ژۇرنال چىقىرىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان؛ بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىيلىككە، مەدەنىيلىككە، بەدىئىيلىككە ئىگە؛ لايىھەلىنىشى كۆركەم، رەڭدار، باسما سۈپىتى ئەلا، تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇق سۈپىتى يۇقىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان ژۇرناللار ھېسابلىنىدۇ.

—ئۆز خەۋىرىمىز

www.uyghurkitap.com



# «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمھالى» بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەك ئىدى

لى جيەنجۇن

**ئىلاۋە:** 20 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئىچىدە لۇشۇندىن قالسا ۋاڭ مېڭنى ئەسەرلىرى ئۇيغۇرچىغا ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغان يازغۇچى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «قەلبنۇر»، «زەڭگەر كۆز»، «ئۇسال تاپماق بەسى مۇشكۇل»، «چولپاننىڭ كەچۈرمىشى» «ۋاڭ مېڭنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شىنجاڭ» قاتارلىق كىتابلىرى ئانا تىل ـ يېزىقىمىزدا نەشر قىلىندى. شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابمۇ مەلۇم جەھەتتىن ۋاڭ مېڭنىڭ ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كىتابنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ۋاڭ مېڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. خەنزۇ يازغۇچىلىرى ئىچىدە ۋاڭ مېڭنى ئۇيغۇرلار ھاياتىنى تېما قىلىپ ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان يازغۇچى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپلىگەن پوۋېست، ھېكايە، نەسر ۋە ماقالىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ۋاڭ مېڭنى ئۇستاز ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن نۇرغۇن ئەل ـ ئاغىنىلىرى بار. تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، زوردۇن سابىر، رەخىم قاسىم، مىجىت ناسىر، مەتتىمىن ھوشۇر، غەيرەت ئاسىم، ئەكبەر غۇلام قاتارلىقلار ۋاڭ مېڭ بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن ئەدىبلىرىمىزدۇر. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ۋاڭ مېڭغا بولغان ھۆرمىتى ناھايىتى يۇقىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. خۇددى مەتتىمىن ھوشۇر يازغاندەك: «ۋاڭ مېڭنىڭ ۋۇجۇدىدا بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئېسىل تەرەپلەر بار.

ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى پاراڭلار

بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئانا تىلى قىلغان، شىنجاڭغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئالاھىدە مۇھەببىتى بار بۇ ئاجايىپ ئادەمنى قانچىلىك ھۆرمەتلىسەك شۇنچە ئەرزىيدۇ!» («ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇيغۇرلار»غا قاراڭ)

مەيلى بىز قانچىلىك ھۆرمەت نەزىرىمىز بىلەن تىكلەيلى، ۋاڭ مېڭ بەرىبىر ئادەم. ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ جىمىكى ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ بۈگۈنكى دەۋر جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ھەرقانچە كاتتا يازغۇچى بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، تەتقىقات ۋە تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى بولۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. ھەرقانداق ئادەمنى نۇقسانسىز ئادەم سۈپىتىدە تونۇش ئەمەلىيەتكىمۇ، ئەقىلگىمۇ سىغمايدۇ. ھەرقانداق ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىش روھىي قۇللۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئۇزاق مەزگىل شەخسكە چوقۇنۇش كېيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئىجتىمائىي پسىخىكىمىزدا ھېلىھەم بۇ خىل نورمالسىز كېيپىياتنىڭ تەسىرى بار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەن چوقۇنۇش پسىخىكىسى كۈچلۈك بەزى ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاڭ مېڭغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ چەكتىن ئېشىپ، قارىغۇلارچە ئۇلۇغلاشقا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، «جۇڭگو ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقىنىڭ ۋىجدانى»، «ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تازىلىغۇچى» دېگەن ئاتاقلارغا ئېرىشكەن داڭلىق ئەدەبىيات ئوبزورچىسى لى جيەنجۇننىڭ «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمھالى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق كىتابنى ئوقۇپ يازغان تەنقىدىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. لى جيەنجۇن «دەۋرىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى»، «ئەدەبىيات نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ» قاتارلىق ئوبزور توپلاملىرى بىلەن زور تەسىر قوزغىغان

شەخس. ئۇ زامانىمىزدىكى داڭلىق يازغۇچىلاردىن جيا پىڭۋا، جياڭ رۇڭ، ۋاڭ مېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى نەشتەردەك ئوبزورلىرى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتى ساھەسىنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا سالغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى. ئابدۇقادىر جالالىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 2 - سانىدا لى جيەنجۈننىڭ جاڭ رۇڭنىڭ «بۆرە توتېمى» ناملىق رومانى توغرۇلۇق يازغان «ئەدەبىياتتىكى فاشىزم» ناملىق ئوبزورىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلدى. مېنىڭچە «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى»: بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەك ئىدى» دېگەن تەنقىدىمۇ ئوقۇرمەنلەرنى يېڭىچە تەسىراتقا ھەم چۈشەنچىگە ئىگە قىلماي قالمايدۇ.

مېنىڭ «يېڭىچە تەسىرات ھەم چۈشەنچە» دېگەنلە نەزەردە تۇتقىنىم مۇنداق ئىككى جەھەتنى كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى، ئاپتوبىئوگرافىيە (ئۆز تەرجىمىھال) يېزىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش مەسىلىسى. ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىش بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغانلىقىنىڭ روشەن بەلگىلىرىدىن بىرى. بىزدە خېلى- خېلى كاتتا ئەدىبلەرمۇ ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىشقا سەل قارايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىش تېخى ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا تەرجىمىھال يېزىقچىلىقىدا بىزدە تەجرىبە- ساۋاق كەمچىل. شۇڭا، باشقىلارنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. لى جيەنجۈننىڭ ماقالىسى بىزنى ئاپتوبىئوگرافىيە يازغاندا نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈرلۈكى ھەققىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان قىممەتلىك چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، ھەققىي ئەدەبىيات ئوبزورچىسىنىڭ ئاتالمىش نوپۇز بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلىقى مەسىلىسى. شۈبھىسىزكى، ئىلىم ساھەسىدە نوپۇزغا پەسەنت قىلماي ھەقىقەتنى ياقلاش قىممەتلىك ئىلمىي روھ. ئادەتتە ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى ساھەسىدە ئىلمىي روھقا ئىگە كەسكىن ئوبزورچىلارمۇ، مۇنتىزىم پىرىنسىپى يوق ياخشىچاق ئوبزورچىلارمۇ بولىدۇ. ياخشىچاق ئوبزورچىلارنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئۆلچىمى ھەممىگە ياخشىچاق بولۇش، خالاس. كەسكىن ئوبزورچىلار تەنقىدىي روھى كۈچلۈك، مەسئۇلىيەتچان كېلىدۇ. بۇنداق ئوبزورچىلار ياخشىچاقلىقنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلار ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىك تۈپ پىرىنسىپىنى ئۆلچەم قىلىپ، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرگە ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، توغرا، ئادىل باھا بېرىشنى ئىستەيدۇ. بۇنداق ئوبزورچىنىڭ نەزىرىدە بىرەر ئەسەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش مۇھىم مەسىلە ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، كىمنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش مۇھىم كەسپىي ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ.

— يالقۇن روزى

※ ※ ※

ھەرقانداق شەكىلدىكى تەرجىمىھال ئىچىدە ئاپتوبىئوگرافىيە (ئۆز تەرجىمىھال) يېزىش ئەڭ تەس بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش، بۇنىڭدا ئاپتور قەلبىدىكى ئۆزىدىن سۆيۈنىدىغان مۇرەككەپ ئىدىيەۋى ھالەت ۋە مەنمەنچىلىك خاھىشى ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ماختىشىغا تەشنا بولۇشتەك پسىخىكىلىق ئېھتىياجغا ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىشتا ئاسانلا دۇنيادىكى ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە، يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگىلەرگە تەئەللۇق قىلىپ قويىدۇ، بەلكىم يەنە ئۆزىنى ئەۋلىيا، باشقىلارنى ئىبلىس قىلىپ يېزىپ، ئاپتوبىئوگرافىيەنى ئاچچىقنى چىقىرىپ، ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ قورالى قىلىپ قويىدۇ.

ئەمما، ئاپتوبىئوگرافىيە ئۆچ ئېلىش سەھنىسى ئەمەس، باشقىلارنى ساۋىدايدىغان قامچىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىش ۋە قاتتىق ئوپېراتسىيە قىلىشتۇر. ئوپېراتسىيە تىغى باشقىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە قارىتىلغان بولىدۇ. ئاپتوبىئوگرافىيە بىر كىشىنىڭ شەرەپلىك تارىخى ئەمەس، بەلكى پۇشايمان خاتىرىسى بولۇشى؛ ئۇنىڭدا مۇئەللىپنىڭ باشقىلارغا قانداق شەپقەت قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن قانداق ئىلتىپاتقا ئېرىشكەنلىكى يېزىلىشى؛ ئەسەر تولۇپ تاشقان يامان غەرەز ۋە ئۆچ ئېلىش كەيپىياتىغا تولغان ئەمەس، بەلكى تولۇپ تاشقان ئاق كۆڭۈللۈك ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا تولغان بولۇشى لازىم. شۇڭا ئاپتوبىئوگرافىيە يېزىشتا، ئاپتور كاجلىق قىلماسلىق، بەلكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى؛ تەكەببۇر ئەمەس، بەلكى كەمتەر بولۇشى؛ ئۆزىنى سوتچى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى شاھىت ئورنىدا قويۇشى؛ ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئېرىشكەنلىرى ياكى مەھرۇم بولغانلىرى، شەرەپ - نومۇسلىرى ۋەياكى تۇتامغا چىقمايدىغان ئىشلىرىنى نارازىلىق بىلەن ئۆچ ئېلىش تۈسىدىكى تار روھىي ھالەتتە زېرىكمەي - ئېرىنمەي بايان قىلماي، بەلكى گيوتىنىڭ «شېئىر ۋە چىنلىق»

دېگەن ئەسىرىدە يازغىنىدەك، مۇھىم نۇقتىنى «ئادەم بىلەن دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى» نى چۆشەندۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈش ياكى پروتاك «يۇنان، رىم ئۆلۈغلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» دا يازغىنىدەك، «ئەڭ مۇھىم ئىش» ۋە «خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلار» غا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. ئۆز ئەقىل ـ پاراستىنى ئۆزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا بازارغا سېلىش، تالانتىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، ئۆزىنىڭ «نۇرانە»لىقىنى نامايان قىلىش—ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىقچىلىقىدىكى ئەڭ زور پەرھىز ۋە سەۋەنلىك بولۇپ، پىشىپ يېتىلگەن بارلىق ئاپتوبىيوگرافىيە مۇئەللىپلىرى بۇنى خوپ كۆرمەيدۇ.

ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىقچىلىقى ئۈستىدە دەسلەپتىلا بۇنداق بىر تالاي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈمدىكى سەۋەب شۇكى، مەن يېقىندا ۋاڭ مېڭنىڭ ئۈچ قىسىملىق «ئۆز تەرجىمىھالى»نى سىستېمىلىق ئوقۇپ چىقىپ، ئۈمىدسىزلىنىش ئىچىدە گاڭگىراپ، گاڭگىراش ئىچىدە ئويلىنىپ يۇقىرىقىدەك قاراشقا ئىگە بولدۇم. ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ۋاڭ مېڭغا ئوخشاش يازماسلىق لازىم. ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسى بەكمۇ كۆرەڭلىك بىلەن، بەكمۇ مەنمەنلىك بىلەن يېزىلغان؛ ئۆزىگە بەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۆزگىلەرگە بەكمۇ سەل قارالغان. ئۇ ئۆزىنى «قەلبى پارلاق»، «ئىجابىي ئوبراز» قىلىپ يازماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئوقۇرمەنلەرگە زىددىيەتلىك ۋە پارچىلانما ئۆزلۈكىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن، كۆرەڭ، ئەمما ئاداۋەتخور، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئەمما تىنتىلداق، مەردانە، ئەمما گىجىك، سەگەك، ئەمما گاراڭ، قىلنى قىرىق يارىدىغان، ئەمما كۆپنىڭ ئەجرىنى كۆرمەيدىغان قاتارلىقلار. بۇ «مېيخۇا گۈللۈك ئالتۇن لوڭقا» دېگەن ئەسەردىكى «50 چاقىرىم يىراقتىكى ھەسەل ھەرىسىنىڭ تەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلىسىمۇ، ئەمما بوسۇغىدىن چىقىپ پىلغا پۇتلىشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولغان. «باشقىلار» نى يازغاندا ئۇنىڭدا نورمال پىسخىكا ۋە كەڭ قورساقلىق كەم بولغان. باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە بەرگەن باھاسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەم قىلغان؛ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغانلار زور خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرگە زىيان سالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلاردىن «مەڭگۈ مىننەتدار» بولغان؛ ئارازلىشىپ قالغانلارنى ئۇلار ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيى ئۆسۈپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، «قاتتىق تەنقىدلەپ رەھىمسىز پاش قىلغان». ئۇنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسى «سەلبىي پېرسوناژ» ۋە «قارشى تەرەپلەر» بىلەن تولۇپ كەتكەن: ئۇلار گاھىدا «بەغەرەزلەر»، گاھىدا «سەرخىل زىيالىيلار»، گاھىدا «چاكىنا ئاقىللار»، گاھىدا «ھارۋا ئەپقاچىدىغانلار»، «تەنتەكلەر»، گاھىدا «قول تۇتۇشقانلار»، گاھىدا «سولچى» ئاتالغان. «ئۇلار»، گاھىدا «مۆھتەرەم»، «قەدىرلىك» كونا رەقىب دېيىلگەن. بۇ كىشىلەرنى تىلغا ئالغاندىكى ۋاڭ مېڭنىڭ يوشۇرۇن كىنايىلىرى، شەپقەتسىز نەشتىرى، سوغۇق ئىبارىلەر بىلەن باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىشلىرى كىشىگە ئىنتايىن يېقىمسىز تەسىر بېرىدۇ.

ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى تېخىمۇ قالتىسىتەك قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان» چاغلىرىنى يازغاندا كۆرەڭلىكى پەرىشتىلەردەك پەرۋاز قىلىپ، خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە يەتكەن: «سەن مېنى يوقىتالمايسەن. مەن ئەرزىمەس ۋە ئاجىز بولساممۇ، لېكىن قول ئىلكىمدە بار، كۆڭلۈم توق، زېھنىم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، كاللام چېچەن، دىلىم يورۇق. ۋۇجۇدۇمدا ئەدەبىياتنىڭ ئوتى، بىلىم ۋە تالانت يالقۇنى كۆيۈپ تۇرىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە تۇرلۇك ـ تۇمەن ئۆزگىرەلەيمەن. بىر دوستۇمنىڭ ئېيتقىنىدەك، پۈتۈن بەدىنىم زەرەتلەنگەن، ھەرقاچان ئۇچقۇن چاچرىتىپ تۇرىدۇ.» ئۆزىنى مۇشۇنداق ئاشكارا ئۇچۇرۇپ، ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشلەردىن لى بەي خىجىل بولۇپ، ساۋجىنىڭ ئومۇنۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى باھالاشتا، ئۆزۈنىدىن ـ ئۆزۈن ئابزاسلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، كۆرەڭلەپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىشىنى دېمەمدىغان تېخى! بىر كىشىدە «ئۆزۈمنىڭ ئەسىرى ياخشى، باشقىلارنىڭ خوتۇنى ياخشى» دەيدىغان بۇرمىلانغان سېزىم بولسا، گەرچە كۈلكىلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بەك ئېغىر مەسىلە ھېسابلانمايمۇ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئەخلاق ۋە پەزىلەت جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنى چوڭ چاغلىسا، باشقىلارنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئۆزىنى بېزەش باشقىلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، كىشىنىڭ يۈزىنى قىزارتىش بىلەنلا قالماستىن، قەلبىنىمۇ مۇزلىتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسىدە كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان مۇشۇنداق سۆزلەرنى جىق كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۈچىنچى قىسىمنىڭ 13 ـ بابىدا، ئۇ ئۆزى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن مۇبالىغە سۆزلىرى ئارقىلىق باشقىلارنى چۈشۈرۈپ: «مەن باشقىلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغان كەڭ قورساق، ئالىيجاناب، قىلچە داغ يوق، يامانلىقنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتەلەيدىغان، بەختسىزلىكنى خەيرلىك قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتەلەيدىغان پەزىلەتىنى، خىسلىتىنى، ئۆلچىمىنى، خاراكتېرىنى ئېيتىپ بېرىشىم كېرەك... مەن ئۆزۈمنىڭ خۇشال ۋە پارلاق ئۆلكىلىك ئوبرازىم ئارقىلىق غىدىژەپلىك ۋە گاراڭ ھالىتىڭىزگە سىز بوۋايغا جاۋاب بېرىشىم لازىم. مەن كەڭ ۋە يورۇق ئۆلكىلىك مەنىۋى دۇنيانى سىزنىڭ ئىچكى تارلىقىڭىزغا سېلىشتۇرۇپ روشەنلەشتۈرۈشۈم كېرەك. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجتىھات ۋە تىرىشچانلىقىم، ئۈزۈلمەس ئەدەبىي ئەمگەكلىرىم ئارقىلىق بۇرادىرىمنىڭ ئاجىز يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئۇچۇر قايتۇرۇشۇم زۆرۈر... مەن ئەقىل - پاراسەت، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىجابىيلىق، ئىجتىھات جەھەتلەردە كۆپ يۇقىرى بولغان ئەدەبىي ئەمگەكلىرىم ئارقىلىق سىزنىڭ قارغاشلىرىڭىز، ئىچى تارلىقىڭىز، ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇزۇق ھەۋەسلىرىڭىزگە جاۋاب بېرىشىم لازىم» دەپ ئۆزىنى بېزەپ كۆرسەتكەن. ۋاڭ مېڭنىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئىسىم - فامىلىسى بىزگە نامەلۇم بولغان بۇ «بۇرادىرىم» ۋە «سىز بوۋاي» ۋە «بىغەرەزلەر»گە بولغان مەسخىرىلەرنى خالىغانچە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ۋاڭ مېڭ «ئۆزى ئۇچۇن تەسىرلەنگەن» چاغلاردىمۇ قورال - ياراغلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا رەقىبلىرىنى مازاق قىلىشنى ئۇنتۇمىغان: «ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ياشىغان مۇھىتتا، مېنىڭ تەرەپ- تەرەپكە ئوق چىقىرىشلىرىم، بوراندەك شىددەت بىلەن تېگىشلىرىم ئالدىدا، بۇرادەرلىرىمنىڭ ‹چوكا›دەك ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قوراللىرى كارغا كەلمەي قالدى. پەلەپەتىش گەپلەرنى قىلىدىغان بىر نېمىلەر ھەرقانچە قىلسىمۇ، قەيەردىن قول سېلىشنى بىلەلمىدى. پاھ، بۇرادەرلىرىم نېمە ئۇچۇن مەن بىلەن چىقىشالمايدىغاندۇ، نېمانچىۋالا رەزىلدۇ؟ تارىخ ئۇلۇغ، بۇرادەرلىرىممۇ تارىختا ئۇلۇغ بولغان، بولدىلا، شۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش كېرەك، تارىخنىڭ بۇرادەرلىرىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى شۇ يەرگە مەڭگۈ مىخلاپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ...»

سىلەر بۇ يەردە «مېنىڭ نۇرانىلىقىم»نى، «ئاق كۆڭۈللۈكۈم»نى، «ئالىيجانابلىقىم»نى، «ئىجابىيلىقىم»نى كۆرەلمەيسىلەر، كۆرەلەيدىغىنىڭلار پەقەت ۋاڭ مېڭ ئەپەندى تەنقىدلىگەن «غىدىژەپلىك ۋە گاراڭ» كەيپىيات، «ئىچى تارلىق»، ˙«چىدىماسلىق»، «ئالاقزادىلىك» قاتارلىقلاردىنلا ئىبارەت. مەن تا ھازىرغا قەدەر شۇنى ئايدىڭلاشتۇرالمىدىمكى، بىر كونا رەقىبى ۋە باشقا ئەرزىمەس رەقىبلىرىگە بولغان ئاچچىقىنى شۇنچە تەلتۆكۈس چىقىرىۋېلىشىنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى باردۇ؟ بۇنداق قاتتىق ۋە رەھىمسىز تىل كۈرىشى ئوقۇرمەنلەرگە، بولۇپمۇ ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا قانداق پايدىلىق تەسىر بېرەر؟ بېردىيايېف «ئادەمنىڭ قۇللۇقى ۋە ئەركىنلىكى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئادەمنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قېلىشى بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزلۈكىگە بەكمۇ چوڭقۇر پېتىپ قالغانلىقىدىن، ئۆز ھالىتىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك» دېگەن ئىدى. «شەپقەتسىز كۈرەش»، «رەھىمسىز زەربە»گە ئۇچرىغان بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ «ئۆزلۈك»نى تاشلاپ، ئاخىرىدا «ئەركىنلىك» ۋە «ئازادلىق»قا ئېرىشىمكى ئاسان ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن «ئىناقلىق» ئۆلكىلىرى بولسىمۇ، «كەڭ قورساقلىق» نى تەكىتلىسىمۇ، لېكىن «كۈرەش دەۋرى» نىڭ ئۆز مەنىۋىيىتىگە بەرگەن ئېغىر تەسىرىدىن قۇتۇلالماي، ئاخىر «كۈرەش پەلسەپىسى» نىڭ قۇربانى بولۇپ، «كۈرەش»نى بىر «خۇشاللىق» ئىش قىلىشى مۇمكىن.

ئەسلىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىقچىلىقى بىر خىل تىنچ ۋە يېقىملىق بايان. بۇنىڭدا ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى— كەڭ قورساقلىق، ھېسداشلىق، مېھىر - شەپقەت. بىر ئادەم كەڭ قورساق بولۇپ، كەيپىياتى تىنچ ھالەتتە تۇرغاندىلا، ئاندىن ئاپتوبىيوگرافىيە يازالايدۇ. «مەتتەي ئىنجىل»دا: «كۆڭ ياخشى ئادەملەرنىمۇ، يامان ئادەملەرنىمۇ يورۇتىدۇ؛ يامغۇر ھەققانىيەتچىل كىشىلەرگىمۇ، رەزىل كىشىلەرگىمۇ چۈشىدۇ» دېيىلگەن. بۇ، ئاپتوبىيوگرافىيە يازغۇچىلىرىد بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ھالەت، ئۇلار ئىنتىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ يۇكسەك مەنزىل. لېكىن ۋاڭ مېڭ ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشتا، ئۆز كەيپىياتىنى تەڭشىمىگەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۈرۈلدەپ يېنىۋاتقان بىر نامسىز ئوت بولغان. نامسىز ئوت يېنىشى بىلەنلا ھېسداشلىقى يوقالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تولىمۇ ئاددىي يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن باش تارتماي، ئاشۇ «سەلبىي پېرسوناژ» لارنى يازغان. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن بەزى كىشىلەرگىمۇ ھېسداشلىق قىلماي ، نوقۇل ھالدا «پاش قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللانغان. «ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆز تەرجىمھالى»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئۇ «بىر ئەپەندى»گە پۈتۈن بىر بەت ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئەسىرىنى گۇمران قىلىش ئەلپازى بىلەن پاش قىلىپ، ئىنتايىن كۈچلۈك نەپرىتى ۋە نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ۋاڭ مېڭ بۇ «ئەپەندى» نى «لاپ ئېتىش» قا ئامراق، «بولۇشىغا توقۇپ چىقىرىدۇ»، ئۇ بىر شەھەرگە پەقەت بىر قېتىملا بارالايدۇ، ئىككىنچى قېتىم بارالمايدۇ، بارسا ھېچكىم كۆزگە ئىلماي، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر- ئۇرغا قالغاندەك بولىدۇ ۋەھاكازا دەپ يازغان. بەلكىم ۋاڭ مېڭنىڭ مۇشۇنداق يېزىشتا ئاساسى بولۇشى

مۇمكىن، لېكىن مېنىڭچە، بىر ئادەمنى بۇنداق يەككە يۆنىلىشلىك يېزىش ئوبيېكتىپمۇ، ئادىللىقمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئەينى يىللاردا ئورتاق ئاپەتكە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن دوستىغا، يەنى ئاشۇ ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت سېزىمىگە ئىگە دوستىغا نىسبەتەن، ۋاڭ مېڭ خۇددى لۇشۇن تەشەببۇس قىلغاندەك، ئۇنىڭ «گۈزەللىكىنىمۇ، رەزىللىكىنىمۇ تەڭ يېزىش»ى كېرەك ئىدى، ئەگەر ئۇنىڭ پەقەت ناچار ئەخلاقى ۋە بولمىغۇر جايلىرىلا يېزىلىپ، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ياخشى ئىشلىرى يېزىلمىسا، بۇ كەڭ قورساقلىق ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنىڭ كەملىكى، خالاس!

ئەگەر ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشتا ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن ياخشى نىيەتتىكى مېھرىبانلىق ۋە قىزغىنلىق بولۇشى كېرەك دېيىلسە، ئۇنداقتا تارىخ ۋە رېئاللىققا نىسبەتەن تەمكىن ۋە سەگەكلىك بىلەن ئويلىنىش روھى ۋە تەنقىدىي بايان قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. چۈنكى شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئاپتور ئۆزىگە خاس مۇستەقىل قاراش شەكىللەندۈرۈپ ئوقۇرمەنىنىڭ كىشىلىك ھايات ۋە جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىنى قىممەتكە ئىگە ھۆكۈم بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، ھەمدە بۇ ئارقىلىق سىما چيەن كۆرسەتكەن «ئىلگىرىكىنى بايان قىلىپ كېيىنكىسى ئۈستىدە ئويلىنىش» مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ھالبۇكى، ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسىدە بۇنداق تەنقىدىي مۇھاكىمە روھى كەمچىل. ئۇ تارىخ ۋە رېئاللىقنى «ئۆزلۈك» ئاستىغا يوشۇرغان. نۇرغۇن مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ جاۋابى ياكى مۈجمەل، ياكى چوڭقۇر ئەمەس. ئۇ ھەمىشە سىغىشمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە يوچۇقلارنى يوقىتىشقا مايىل. مەسىلەن، ئۇ دىنىي مەنىدىكى «مېسسىئانىڭ» نى «ئالتۇن رەڭلىك تىررورلۇق» دەپ قارايدۇ، دىنىي ئېتىقاد بىلەن دىندىن خالىي خۇراپاتلىق ۋە ئۆز مەيلىچە ئىلاھ يارىتىۋالىدىغان ھەرىكەتنى ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئۇ يەنە دېموكراتىيە، ھوقۇق بىلەن «دۆلەت ئەھۋالى» نىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلىگەندە، بىر خىل ئۆزئارا ماس كەلمەسلىك تەسىرىنى بېرىدۇ. لوڭ يىڭتەي خانىم تەيۋەندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ يوقلۇقىنى، جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەتسىز ئەھۋاللار بىلەن كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، «جۇڭگولۇقلار، نېمىشقا ئاچچىقلانمايسىلەر» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى تەيۋەنلىكلەر بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىكىلەردە زور تەسىر قوزغىغان. لېكىن ۋاڭ مېڭ بۇنى: «ھەرگىز ئاچچىقلىنىشقا بولمايدۇ، ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، خاپىلىقنى ئىپتىراپ قىلىشقا بولمايدۇ»، «تەنتەكلىك، ئۆز ھېسسىياتىغا بېرىلىش، چوڭ گەپ قىلىپ بۇ ئىشتىن، كانىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ، چىچاڭشىپ كېتىش، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاش ئۆزگىچىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي رەسۋاسى چىقىدۇ... بىز ئىدراك ۋە ئەقىل ـ پاراسەت، يۇكسەك ئىرادە، مەدەنىيلىك ۋە ئەخلاق، ياخشى نىيەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈك، مەڭگۈ ئىجابىي پوزىتسىيە ئارقىلىق ئۇنى تەدرىجىي ھەل قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ. ئاچچىقلانسىلا «ئۆزگىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ» دەپ كىم دەيدۇ؟ «ئاچچىقلىنىش» جەزمەن «ئىدراكلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك» ئەمەس دەپ كىم دەيدۇ؟ «ئاچچىقلىنىش»، «مەدەنىيەتلىك ۋە ئەخلاقلىق» ئەمەس دەپ كىم دەيدۇ؟ «ئاچچىقلىنىش» «ياخشى نىيەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈك» ئەمەس دەپ كىم دەيدۇ؟ چۈ يۈەن ئاچچىقلانمىغان بولسا، «جۇدالىق زارى» نى يازالامتى؟ سىما چيەن ئاچچىقلانمىغان بولسا «تارىخنامە» نى يازالامتى؟ لۇشۈن ئاچچىقلانمىغان بولسا «ليۇ خېجېن قىزنى ئەسلەيمەن»نى يازالامتى؟ ماركس: «غەزەپتىن شائىر چىقىدۇ» دېگەن. ئافرىقىلىق شائىر مايا ئانجىلو: «غەزەپلىنەيلى، غەزەپلىك كىشى بولۇش بىر ياخشى ئىش، ئۇ ساغلاملىقنىڭ بەلگىسى» دېگەن. شۇڭا ئەڭ مۇھىمى ئۇنى ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلمايلى، مەسىلە نېمىگە ئاچچىقلىنىش ۋە قانداق ئاچچىقلىنىشتا. كۆپىنىڭ ئىشىغا ئالدىراشتەك ئىدراكىي روھتىكى «ئاچچىقلىنىش» نىڭ يامان يېرى يوق، بىز ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم، ئۇ جۇڭگولۇقلاردا سەۋرچانلىق بىلەن يېتىلدۈرۈشىمىز زۆرۈر بولغان زامانىۋى پۇقرالىق ساپاسى.

پەرقلەرنى يوققا چىقىرىپ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتەك بۇنداق تەپەككۇر شەكلى ۋاڭ مېڭنىڭ «ئېنىقسىزلىق پرىنسىپى» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن پايدىلىنىش سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ۋاڭ مېڭ مۇتلەق ئىدىيە ۋە قائىدىگە نىسبەتەن گۇمانىي پوزىتسىيەدە بولىدۇ، لېكىن تۇرمۇشقا ۋە ئادەمگە نىسپىيچىلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قاراشقا مايىل. ئىش ئۇنداق بولۇشىمۇ، مۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ بۇنداق بولماسلىقىمۇ، ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن: قىسقىسى، ۋاڭ مېڭنىڭ نەزىرىدە، ھەممە نەرسە تۇراقسىز، «ئېنىقسىز» بولىدۇ. بىلگىلى بولماسلىق يولى مۇقەررەر ھالدا ئىنكارچىلىق ۋە ئەمەلدىن قالدۇرمىچىلىققا ئېلىپ

بارىدۇ. مۇقەررەر ھالدا «ئۇلۇغ» ئەرسىنى ئادەتتىكى سەۋىيەگە چۈشۈرۈشكە مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاڭ شۇنىڭ «ئالىيجانابلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى» نى ماختىغانلىقى، لۇشۈننىڭ «ئۇستاز» لىق ئورنىنى پەسەيتىپ شەرھلىشى قاتارلىقلار بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋاڭ مېڭ ھالقىش دەرىجىسى ناھايىتى زور، سەكرەشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر خىل تەپەككۇر ئارقىلىق مۇناسىۋەتسىز ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇش، ئاخىرىدا قارشى تەرەپتىن ئىنكار قىلىش مەقسىتىگە يېتىشكە ئامراق. ئۇنىڭ دائىم قوللىنىدىغان ئۇسۇلى— بىر خىل قاراش ياكى بىر خىل ھادىسىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش، ئەگەر ئۇنى ئىنكار قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى مەلۇم ئىش ياكى مەلۇم ئادەم بىلەن ئوخشاشلىقىنى تەكىتلەش؛ مۇئەييەنلەشتۈرمەكچى بولسا، ئۇنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا نىسبەتەن ئىنكار پوزىتسىيەسىدە بولغان ياكى ھالقىپ كەتكەن دېيىشتىن ئىبارەت (ئۇنىڭ ۋاڭ شۇنى ئاقلاشتا قوللانغىنى شۇنداق تاكتىكا). ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسى ۋە باشقا بەزى مۇھاكىمە ئەسەرلىرىدىن: «مەسىلەن، ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› نى ئالساق»، «‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›دىكىگە ئوخشاش» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەرنى دائىم ئۇچرىتىمىز. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان ئاسارىتى شۇكى، پەقەت شەكىل جەھەتتىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ئوخشاپ كېتىدىغان ھادىسىمۇ ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئىنكاسىنى قوزغايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تەپەككۇرى ئاددىي ھالدىكى قارىمۇقارشىلىق تەپەككۇرى بولۇپ، ھەممىدە ئۇ بولمىسا بۇ، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ دېيىشكە ئادەتلىنىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ مېڭ «مۆتىدىللىك» نى تەكىتلەپ ھەرقانداق ئىش «ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە» بايان قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كىشىلەر «ھەقىقەت مۇنازىرە قىلغانسېرى ئايدىڭلىشىدۇ»غانلىقىغا ئىشەنگەچكە، «چوڭ مۇنازىرە»نى تەشەببۇس قىلغان. ۋاڭ مېڭمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىنىش، توقۇنۇشۇش خاراكتېرىدىكى «دىيالوگ»لارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك «مۇنازىرە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان»لىق دەپ قارىغان. ئۇ ھەمىشە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قارىشىغا رەددىيە بېرىدۇ. مەسىلەن، جاڭ چېڭجى «روھنى تازىلاش»نى تەكىتلىگەندە، ۋاڭ مېڭ دەرھال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مودا بولغان رەتكە سېلىش، ھېساب ئېلىش، تازىلىۋېتىش دېگەندەك بىر تالاي سۆزلەرنى ئويلايدۇ. مانا مۇشۇنداق باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، جاڭ چېڭجىنىڭ تەشەببۇسىنى بىردىنلا بىمەنە، ھەتتا قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جاڭ چېڭجىنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى بىر خىل گۇمانىتار روھ ياكى مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتىكى «پاكلىق روھى» بولۇپ، ۋاڭ مېڭ ئويلىغان قورقۇنچلۇق «ھېساب ئېلىش»، «تازىلىۋېتىش»قا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا تەقلىد قىلىشتەك بۇنداق «تۆۋەن مۇقام» لىق تەپەككۇر ۋاڭ مېڭنىڭ ئاپتوبىيوگرافىيەسىدە ئاكتۇئال قۇرۇلما، تەنقىدچانلىقتىن ئىبارەت مەرىپەت روھىنىڭ كەملىكىنى بەلگىلىگەن. بۇنداق تەپەككۇر كۆپ بولغاندا بىر خىل پاسسىپ گۇمان ئىقتىدارى ۋە قۇراشتۇرۇش ئىقتىدارىنىلا يېتىلدۈرەلەيدۇ.

R. پاسكال: «ئاپتوبىيوگرافىيە رەسىم ئەمەس، بەلكى رېئىتگېن ئىچىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى. ھەربىكەت پەقەت يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلىنىدۇ...» دېگەن. شۇنداق، ئاپتوبىيوگرافىيە خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە قەلبىنىڭ تاكامۇللىشىش جەريانىنى خاتىرىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ مۇشۇ تەرەققىيات ۋە تاكامۇللىشىشنى ئىسپاتلايدۇ. ئاپتو- بىيوگرافىيە يۈز بەرگەن پاكىتنى ھۆرمەتلەشتىنمۇ شۇنداقلا باشقىلارنى ۋە ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. ئۇ، ئۆتۈپ كەتكەن گۈزەل پەيتلەرگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ دۇنياغا ۋە باشقىلارغا بولغان مىننەتدارلىقى ۋە بەخت تىلىشىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋاڭ مېڭ ئاپتوبىيوگرافىيە يېزىشتا بىر خىل ناتوغرا بايان پوزىتسىيەسى ۋە ئىشەنچسىز بايان ئۇسۇلىنى تاللىغان، شۇڭا ئۇنىڭ مىليون سۆزلۈك «ئۆز تەرجىمىھالى» كىشىنى ئۈمىدسىز- لەندۈرىدىغان ئەسەر بولۇپ قالغان، ئۇنىڭدا باھاردەك ئىللىقلىق، كىشىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان نۇر كەمچىل؛ ئۇنىڭدا مۇبالىغە ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئۆزلۈك» گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىشكە بولىدىغان پارلاق ۋە گۈزەل دۇنيا يوق.

2008 - يىل 18 - سېنتەبىر، بېيجىڭ

---

خۇاشيا نەشرىياتى 2010 - يىل يانۋاردا نەشر قىلغان «ئەدەبىيات نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ» دېگەن كىتابتىن يالقۇن روزى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com



# تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە پىكىر قاتماللىقى

ئادىل ئابدۇقادىر

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان نېمە ئۈچۈندۇر تۇرمۇشۇم بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەكلا تۇيۇلۇپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارغىمۇ تولا چېچىلىدىغان، باللىرىمنىڭ باللارچە تىنىمسىزلىقى ھەم قىلىقلىرىدىن تېرىكىدىغان، مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە رايىم بارمايدىغان، بىر مەسىلىنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ باشقا بىر مەسىلىگە ئاتلاپ كېتىدىغان، تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق-چۈششەك غەملىرى كاللامغا تولا كىرىۋېلىپ تىت- تىت بولۇپ يۈرىدىغان بوپقالدىم. يەنە كېلىپ مېنى ئۆزىنىڭ مەبۇدى بىلىدىغان ئايالىممۇ ھە دېسىلا مەندىن قۇسۇر ئىزدەپ، ئالدىمدا گەپ يورغىلىتىدىغان، ماڭا چېپىلىدىغان بوپقالدى. تۇرمۇشۇمدىكى بۇ ئۇششاق ئىشلار گەرچە ئۆزۈم ئۈستىدە ئويلىنىشقا سەۋەب بولالمىسىمۇ، لېكىن بۇلارنى ئۆزۈمنى بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن تۇتقۇرۇق قىلىپ، قىسقىغىنا ئۆتكەن ھايات خاتىرەمگە ئاساسەن ئۆتكەنكى «مەن» بىلەن ھازىرقى «مەن»نى سېلىشتۇرۇپ، مىجەز- خاراكتېرىم، پسىخىك ساپايىم، ئەقلىي پىشىپ يېتىلىشىم ئۈستىدە بىر خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. نەتىجىدە، سېلىشتۇرۇپ چىققان پەرقلەردىن بايقىدىمكى، مەن ئۆزگىرىپتىمەن.

ئىلگىرى دۇنيا ۋە ئەتراپىمدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەلمىسەممۇ، ھەر ھالدا كاللامغا دۇنيا سىغاتتى.

## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»

«ئالەمدەك يۈرىكىم» دە «ئالەمچە» ھېسلار مەۋج ئۇراتتى. تۇرمۇشتىن بىر خىل ھاياجان، خۇشاللىق ئىزدەيتتىم. ئۆزۈمنى بەئەينى شىرەپ سەھنىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان تەنھەرىكەتچىدەك، ئېگىز چوققىلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ماڭغان قورقماس تاۋەككۈلچىدەك ھېس قىلاتتىم. بولۇپمۇ ئائىلە قۇرۇپ، پەرزەنتلىك بولۇشتىن ئىلگىرى ياشلىق ھېسلىرىم، ئارزۇ- غايىلىرىم قايناپ، ئىرادەمگە يۆلەك بولۇۋاتقان يۈرىكىم بۇ دۇنيا كىچىك كېلىپ قالىدىغاندەك تىپچەكلەپ تۇراتتى. يېڭىلىققا ئىنتىلەتتىم. ئەتراپىمدا نېمە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى، نېمىنىڭ مودا بولۇپ، نېمىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىگە دىققەت قىلاتتىم. ھەر كۈنۈمنى بىر خىل ھاياجان، ئىنتىلىش ئىچىدە كۈتۈۋالاتتىم. دوستلارغا سەممىي، دۈشمەنگە رەھىمسىز بولۇش، ئاق كۆڭۈل، راست سۆزلۈك بولۇش—«بىرنى بىر دېيىش»، كۈچلۈكلەرگە بېلىنماسلىق، ئاجىزلارنى بوزەك ئەتمەسلىك تۇرمۇش مىزانىم ئىدى، ھەممىگە مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە مۇئامىلە قىلاتتىم. ئەمما، ئادەم ئۆزگىرىدىكەن ياكى ئۆزگەرتىلىدىكەن. ياشلىقنىڭ قىسقا مەزگىللىك ئۆتكۈنچى ھاياجانلىرى سوۋۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ئادەم نۇرغۇن نەرسىنى يوقىتىدىكەن ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدىكەن. ھازىر ئۆزۈمگە قاراپ باقسام كاللامنى ئائىلە ۋە تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئۇششاق- چۈششەك غېمى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئويلايدىغان، پىكىر يۈرگۈزىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىم ئىلگىرىكىدىن كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن بارغانسېرى تارىيىپ كېتىپتۇ، ئائىلە ۋە تۇرمۇش مەن ئۈچۈن «دۇنيا» بوپقاپتۇ. بۇرۇن دۇنيادىكى

تەگسىزلىك، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش دېگەندەك مەسىلىلەر، بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي كرىزىس ۋە خىرىسلار كاللامغا كىرىۋېلىپ پىكىر قىچىقىمنى غىدىقلاپ ئارام بەرمىگەن، دۇنيادىكى «بىتەلەيلەر» نىڭ تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتقان، ئۇلار بىلەن تەڭ ئىڭرىغان بولسام، مانا ئەمدى ئائىلە ماجىراسى، تۇرمۇشنىڭ تۈگىمەس سىپلىقى، بالىلىرىمنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش مېنى ھاردۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرى پەرۋايىمغا كەلمەيدىغان، ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەت ئوربىتىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار ماڭا ئەھمىيەتسىز بىلىنىدىغان — «سىڭگەن نېنىمغا شۈكۈر قىلىپ» ياشايدىغان بوپقاپتىمەن. مەسىلىلەر ئۈستىدىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلۇم ۋە مەسىلىلەرگە باھا بېرىشتىكى چىقىش نۇقتامدا بۇرۇلۇش بوپتۇ. روھىم ۋە قەلبىمدىكى ئىلگىرىكى ھاياجان، ئىنتىلىش، شەخسىيەتسىزلىكنى بىر خىل «زىيالىيلارچە چاكىنا قاقۋاشلىق» ئىگىلەپ، روھىم قاشاڭلىششقا باشلاپتۇ. ئۆزۈم ئەڭ مۇقەددەس بىلىدىغان غايە ۋە ئېتىقادىم زامان ۋە ماكان تەۋەززالىرى پەيدا قىلغان ساناقسىز تۇتۇرۇقسىز ھەۋەسنىڭ قورشاۋىدا قاپتۇ. ۋۇجۇدۇمدىكى ئۆزگەرمەس ھەقىقەت، يېڭىلىقنى بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە ھاياجان سۇسلىشىپتۇ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ياشلىق ئىرادەم سۇنۇپ، ئۆز تۇرمۇش پرىنسىپىمدىن يالتىيىپ، «سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى» غا، باشقىلارنىڭ كۆزىگە، گېپىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان بوپقاپتىمەن. ئۆزۈمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قالدىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن «چاكىنا دانىشمەن»لەرنىڭ ئېتىقنى بويىچە «پېشىپ يېتىلگەنلىكىم»، ياكى زامان- ماكاننىڭ زورى بىلەن بىر قىسىم نەرسىنى يوقاتقانلىقىمنى پەرق قىلالماي سەل ئەندىكتىم.

بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەزىلىرى تۇرمۇش ئادەتلىرىم ۋە خاراكتېرىمدىكى ئۆزگىرىش بولسا، بەزىلىرى روھىي دۇنيارىم ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلۇمدىكى ئۆزۈمگە يات پرىنسىپال ئۆزگىرىشلەر ئىدى. شۇڭا، ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىم ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكى ھەققىدىكى سوئاللار كاللامغا كىرىۋېلىپ، مېنى جاۋابقا قىستاپ بىئارام قىلدى. شۇ خىل روھىي ئىزتىراپ ئىچىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشخانامدا گېزىت كۆرۈۋېتىپ گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېلنىڭ: «ئادەمنى ئادەت ئۆلتۈرىدۇ. ئادەم تۇرمۇشقا پۈتۈنلەي ئادەتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمى قاشاڭلىشىپ، سۇبيېكتىپ ئېڭى بىلەن روھىي پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپلىق يوقايدۇ، بۇ چاغدا ئادەم ئۆلگەنگە باراۋەر بولىدۇ» دېگەن ئەقلىيەسىنى كۆرۈپ قالدىم ھەم كاللامدىكى مېنى ئۇزۇندىن بۇيان قىيناۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. گېگېل ئېيتقان «تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىش» دېگەن بۇ ئاددىي ئەمما ۋەزمىنلىك ئۇقۇم مېنى ھاياجانلاندۇردى ھەم ئويلاندۇردى. بىردىنلا ئويغانغاندەك بولدۇم ھەم ئۆزۈم ۋە ئەتراپىمنى باشقىچە كۆز بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدىم.

دەرھەقىقەت، تۇرمۇش بەزىدە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇلىرىنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. بولۇپمۇ گېگېل ئېيتقاندەك تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئادەم ئۆزى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىغا يارالمىشىدىنلا مەنسۇپ بولغان ئۇلۇغلۇق ۋە ئەزگۈلۈككە ئىگە نۇرغۇن نەرسىدىن تەدرىجىي مەھرۇم بولىدىكەن. ئادەمنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە روھىي سېزىملىرى مەۋجۇتلۇقنىڭ تاشقى پوستىغىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئادەمنىڭ مەنىۋى كۈچى ئاجىزلىشىپ، غايە ۋە ئېتىقاد كرىزىسى كۆرۈلۈپ، ئادەم ئۆزىدىن ھالقىيالماس بوپقالىدىكەن. بەزىدە ھەتتا ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى قۇرۇقدىلىپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىمۇ سېزەلمەس بوپكېتىدىكەن، بۇ باسقۇچتا ئادەمنىڭ ئۆزى ۋە دۇنيا ھەققىدىكى پىكرى قېتىشىپ، «كۆزى تۇرۇپ كور، قۇلىقى تۇرۇپ گاس» بوپقالىدىكەن. ھەتتا توغرىلىق ۋە ھەقىقەت «بەئەينى تېتىر يەرگە يامغۇر سۈيى سىڭمىگەندەك»، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزلەشمەيدىكەن. ئادەمنىڭ روھى ئېغىرلىشىپ، تەبىئىتىدىكى ساپ ھاياجان، نومۇس، ۋىجدان، قايناق ھېسسىيات سۇسلىشىدىكەن، بولۇپمۇ تۇرمۇش ئادەمنى ئالدىغا سېلىۋالغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ روھى بەئەينى قات- قېتىدىن سويۇلىدىغان پىيازغا ئوخشاش ئاستا- ئاستا يىگلەپ، ئۆز خاسلىقى، غايە- ئېتىقادى، مەنىۋى تەقەززالىرىنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە پايخان قىلىپ بېرىدىكەن. جەمئىيىتىمىزدىكى ئىسىم- فامىلىسى، سالاھىيىتى، كەسپى، تىرىكچىلىكى بىر- بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئارزۇ- غايىسى، ئېھتىياجى، تۇرمۇش قارىشى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى توغرىسىدا تۈزۈك پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان، دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقنى قەدىرلىمەيدىغان، ھاياتىدا ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك بىرەر ئېتىقادى ياكى غايىسىنىڭ تايىنى يوق، كۆپ ساناپ پەرۋاسىز ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىگە قاراپ بۇلارنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم ۋە گېگېلنىڭ «ئادەمنى ئادەت ئۆلتۈرىدۇ» دەپ نېمىنى بېشارەتلىمەكچى بولغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم.

تۇرمۇش — بىر ئادەمنىڭ دۇنياغا تۆرىلىشى، ئۆسۈشى ۋە ئاددىي ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت، ئائىلە ھاياتىنى مەزمۇن قىلغان، جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان سىستېمىلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي فورمىغا سىڭىپ كېتىدىغان، دەۋرىيلىكى ئۇزۇن، ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلايدىغان مۇرەككەپ بىر جەريان. بۈگۈنكى دۇنيا، بۈگۈنكى بىز

ئەمەلىيەتتە دەل شۇ سىستېمىلىق تۇرمۇش فورمىسىنىڭ ۋارىسلىرى ھەم ئۇنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى. ئەمما ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشى تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ جەرياننى تولىمۇ ئىپتىدائىي يوسۇندا ئائىلە قۇرۇش، ئەۋلاد قالدۇرۇش، تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ، ئۇلار ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە روھىي قىزغىنلىقىنى مۇشۇ ئىپتىدائىي تۇرمۇش چۈشەنچىسى ئۈچۈنلا ئاتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن جەمئىيەت، مىللەت، دۆلەت، كىرىزىس، خىرىس، كەلگۈسى دېگەندەك ئۇقۇملار ناتونۇش ھەم ئەھمىيەتسىز. ئۇلار «جاھاننىڭ رەپتارى بويىچە ياشاش» نى تاشپاقىنىڭ قاسىرىقىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قالقىنىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، پۇل، ئائىلە ۋە ئۆزى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى قازى بولغاچقا، ئۆزى مەنسۇپ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي فورمىسىنىڭ ئىجابىي، سەلبىي تەسىرلىرىدىن مۇستەسنادەكلا ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كىشىلەر تۇرمۇشنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز غايىسى ۋە مەقسىتىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى شەيتانىي نەپسىنىڭ يېتەكلىكى ياكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي فورمىسى ئالدىن بەلگىلىگەن مەقسەت بويىچە ياشايدۇ. شۇڭا بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزىگە مەنسۇپ غايە ـ مەقسەت بولمايدۇ. ئۇلار قىلغان ئىشنى بىرەر ئالاھىدە مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت نەپسىنىڭ قوزغىتىشى ياكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئاپپاراتلىرى ئالدىن بەلگىلىگەن پىروگراممىنىڭ ئىجراچىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا قارار قىلىش، تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى، تۇرمۇشنى قانداق قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا ئادەم ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىت، تۇرمۇش مەسىلىلىرى ئىچىدە بەئەينى ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قالغان بىچارە ھاشاراتقا ئوخشاپ قالىدۇ.

بىز ئۆز رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، تولا ئادەمنىڭ تۇرمۇش پەيدا قىلغان چوڭ ـ كىچىك ئائىلىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە جەمئىيەت، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى پەيدا قىلغان ھەر خىل ئىمتىياز، كەسىپ، ئۇنۋان، مەنسەپتىن ئىبارەت تورلۇق مەۋھۇم ئىجتىمائىي ئۆلچەمگە لايىقلىشىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدى، غايىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇرى مۇشۇ خىل مەسىلىلەرنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭدىن پىكرىي كەمتۈكلۈك ئىزدەيدۇ ھەم ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئۆتكۈنچى ئىمتىياز، ئۇنۋان ۋە ھوقۇقتىن تەسەللىي، خۇشاللىق ھەم قانائەت تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئاشۇ نەرسىلەرسىز تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. بولۇپمۇ بەزىلەرنىڭ شۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش يولىدىكى نومۇسسىزلىقلىرى ۋە ئېرىشەلمىگەن ياكى ئۇنى يوقاتقاندىن كېيىنكى بىچارىلىكى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى قارىماققا سۇزۇك كۆرۈنسىمۇ، تېگى لاي ـ لاتقا ۋە سېسىق لاۋىلار بىلەن تىنىپ كەتكەن كۆل سۈيىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئۇلار ھەر قانچە پىكىر قىلسىمۇ خۇددى كۆل سۈيى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان قاشتىن تاشقىنلىيالمىغاندەك، ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان مەسىلىلەردىن ھالقىيالمايدۇ. پىكىر قىلىش جەھەتتىكى بۇ خىل ئۆزىدىن ھالقىيالماسلىق، ئەمەلىيەتتە جەمئىيىتىمىزدىكى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان تالاي كىشى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان تىراگېدىيەدۇر.

بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن گېگېلنىڭ ئەقلىيەسىدىكى «ئۆلۈم» قانداقتۇر بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىي يوقىلىشى بولماستىن، بەلكى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ قالغان، روھىي قۇل ئادەملەرنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىكى قاشاڭلىشىشى بولۇپ، گېگېل دەل مۇشۇ خىل ھالەتنى بىر خىل تىراگېدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا بۇ تىراگېدىيەنىڭ سەۋەبىنى «تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىش» تىن ئىبارەت بىر ئۇقۇمغا يىغىنچاقلىغان. بۇ بىر نۇقتا ھەقىقەتەن ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بىزنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدا «ئادەت»، «ئادەتلىنىپ قېلىش» دېگەن بۇ سۆز دائىم دېگۈدەك قوللىنىلىدىغان، شۇنداقلا مەلۇم بىر ئىش ياكى ھەرىكەتنى تەكرار قىلىش نەتىجىسىدە شۇنى ئىختىيارسىز يوسۇندا قىلىپ سېلىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولسىمۇ، لېكىن «تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىش» دېگەن بۇ ئۇقۇم نۇرغۇن كىشىگە نىسبەتەن تېخى يېڭى. چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە تۇرمۇش قانداقتۇر تەكرار ئىشلىنىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىز قاتنىشىدىغان ھەم قۇرۇپ چىقىدىغان بىر جەريان. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىمىز تاللايمىز ياكى بېكىتىمىز. شۇنداقكەن، گېگېل تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىش دەپ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ئۆزى قۇرۇپ چىققان بىر خىل خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ئۇزۇن يىل ياشىشى تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىش ھېسابلىنامدۇ؟ مېنىڭچە، گېگېل بۇ ئەقلىيەسىدە تىلغا ئالغان ئادەتلىنىپ قېلىش قانداقتۇر تۇرمۇشنىڭ تاشقى پوستىغا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ جەريانىنى بەلگىلەيدىغان ئىچكى مەزمۇنغا قارىتىلغان. چۈنكى تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىش بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش تەرتىپى،

تۇرمۇش مەزمۇنى جەھەتتىكى بىر خىل سىجىللىقنى ساقلىشى، ئاددىي كۆنۈپ قېلىشى بولماستىن، بەلكى تۇرمۇش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىشى، شەيئىلەرنى كۆزىتىشى ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشى جەھەتتىكى دوگما ۋارىسلىق، پاسسىپلىق، ھورۇنلۇق ۋە قورقۇنچاقلىقتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا تۇرمۇش پوزىتسىيەسى جەھەتتىكى بىر خىل ئاڭسىزلىقتۇر. بىزنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدا «ئادەتلىنىپ قېلىش» سۆزى كۆپىنچە بىر ئىشنى تەكرار قىلىش داۋامىدا شەكىللەنگەن ھەرىكەت ئۇسۇلى، ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىكى كۆنۈپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئادەتلىنىپ قېلىش» بىر ئىشنى تەكرار قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ ئاددىي تەكرارلىنىش جەريانى بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئىختىيارلىق، يەنى ئۆزىگە ئىگە بولۇش ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشىنىڭ ھەرىكەتتە كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر. يەنى، بىر ئادەم بىر خىل ھەرىكەتنى ئۇزۇن مەزگىل تەكرار داۋاملاشتۇرسا ياكى بىر خىل مۇھىت ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ياشىسا، شۇ خىل ھەرىكەت ۋە مۇھىتنىڭ ئادەمنىڭ ئېڭىدىكى يېڭىلىقى يوقاپ، ئادەمدىكى شۇ ھەرىكەت ۋە مۇھىتقا بولغان دەسلەپكى ھاياجان، قىزغىنلىق ۋە ئويغاق ئاڭ نىسبەتەن ئاجىزلايدۇ. نەتىجىدە ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ياكى نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ. شۇڭا، تۇرمۇشتا تولا ئادەم «ئادەتلىنىپ قاپتىمەن» دېگەن بۇ ئاددىي ئىبارىنى ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى ئاقلاشنىڭ باياناتىغا ئايلاندۇرۇۋالغان.

تۇرمۇشتا ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدىن بىرى، پىكىر قىلىش ۋە بىلىش جەھەتتىكى ئاڭسىزلىقتۇر. پىكىر قىلىش ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى تىرەپ تۇرىدىغان تىرەك. نورمال ئادەملا بولىدىكەن، ئۇ پىكىر قىلالايدۇ. لېكىن ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش مۇددىئاسى، پىكىرنىڭ كەڭرىلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە پەرق بولىدۇ. بەزىلەر پىكىر قىلىش ئارقىلىق توغرىلىققا ئېرىشەلەيدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا پىكىر قىلىش ئارقىلىق خاتالىشىدۇ. بەزىلەرنىڭ پىكرى كەسپىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان مەخسۇس ساھە بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئالاھىدە ماھىر كېلىدۇ، ئەمما ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپلەردىن ھالقىپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە خام كېلىدۇ؛ يەنە بەزىلەرنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە قارىسا ھەممە نېمىنى بىلىدىغاندەك، ھەممە نېمىنى چۈشىنىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پىكرى تولىمۇ يۈزە بولىدۇ. پىكىر قىلىش جەھەتتىكى بۇ خىل پەرقلەر ئالدى بىلەن ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىشىمىز، كۆزىتىشىمىزنىڭ يۈزەكىلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەتراپىمىزدا بىزگە ھەممىشە مەسىلە سۈپىتىدە ئۇچرىمايدىغان، بىزنىڭ كونكرېت ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىز دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئەمما ئۆزىگە نۇرغۇن سىر ۋە ھېكمەتنى مۇجەسسەم قىلغان، ئىچكىرىلەپ پىكىر يۈرگۈزسە ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى يارقىنلاشتۇرىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر نۇرغۇن. بۇ خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىگە يۈكلىگەن سىر ۋە ھېكمەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭرىلىكى جەھەتتە بىزنىڭ كونكرېت ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىزدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەممىشە بىزنىڭ دىققىتىمىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا تەپەككۇرىمىزنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىمىزنىڭ بۇ خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى بىلىشىمىز پەقەت ئادەت خاراكتېرلىك كۆزىتىش ۋە دوگمىلارچە ئۆگىنىشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، تەپەككۇرىمىزدا يارقىنلىق ۋە سىجىللىق ھاسىل قىلالمايدۇ. مەسىلەن، ئەتراپىمىزدا كۈندە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كۈننىڭ شەرقتىن چىقىپ، غەربكە ئولتۇرۇشى، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئەتىيازدا يوپۇرماق چىقىرىپ، كۈزدە تاشلىشى، يازدا يامغۇر، قىشتا قارنىڭ يېغىشى... دېگەندەك نۇرغۇن ھادىسىنى كۆپىنچە كىشى پەقەت تەبىئەت ھادىسىسى سۈپىتىدىلا بىلىش ھەم كۆزىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارنى ساۋات خاراكتېرلىك ئۆگىنىپ قويۇشلا كۇپايە، ئۇ ھەقتە ھەممە ئادەمنىڭ باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇنداقلا بۇلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش كۈندىلىك تۇرمۇشۇم بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەيئىلەرنىڭ يارىلىش ھېكمىتى ۋە گۈزەللىكىگە قىلىنغان ھاقارەت. «بەھەيۋەت پىلنىڭ يارىتىلىشى قانداق مۆجىزىلىككە ئىگە بولسا، كىچىككىنە چۈمۈلىنىڭ يارىتىلىشىمۇ شۇنداق مۆجىزىۋىلىككە ئىگە» بولىدۇ. ئەمما، تۇرمۇشتا كۆپىنچىمىزنىڭ بىلىدىغىنى شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ زاھىرىي كۆرۈنۈشىدىن ئېرىشكەن ئۇچۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ئېرىشىدىغانلىرىمىز پەقەت شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ نەق ئۆزى توغرىسىدىكى دوگما ئۇچۇر بولماستىن، بىلىش باسقۇچىدىن ھالقىغان پىكرىي يۈكسەكلىكتىكى مۆجىزە بولغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىز كۆرگەن شەيئى ئۈستىدە پىكىر قىلغان بولىمىز. شۇڭا، تۇرمۇشىمىزدىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى يەككە ھادىسە ياكى شەيئى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن تەپەككۇر كەڭرىلىكىگە قويۇپ تۇرۇپ، باشقا شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىلەنمۇ باغلاپ بىر خىل پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئويلايدىغان بولساق، ئۇ بىز ئويلاپ باقمىغان ياكى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان نۇرغۇن مەسىلىگە يىپ ئۇچى ۋە جاۋاب بولالايدۇ. ئەمما ئارىمىزدا ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى مۇشۇ خىل نەزەردە كۆزىتىدىغان كىشىلەر

www.uyghurkitap.com

ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇنداقلا تولا ئادەم شەيئى ۋە هادىسىلەر ئۈستىدە بۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈشنى رېئاللىقتىن چەتنىگەنلىك، خىيالپەرەسلىك دەپ قارايدۇ. بۇلار بەلكىم بىزنىڭ شەيئى ۋە هادىسىلەر ھەققىدىكى بىلىشىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ كەمتۈكلۈك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بىلىشىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزدىكى بۇ خىل كەمتۈكلۈكنى ھەمىشە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنىڭ ئالدىراشلىقى، تۇرمۇش غەملىرى ۋە تۇرمۇش رىتىمىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئوراپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچىمىز بۇ خىل كەمتۈكلۈكنى مەڭگۈ ھېس قىلالمايمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭغا مەسىلە سۈپىتىدە يۈزلىنىشنى خالىمايمىز. نەتىجىدە، بۇ بىزنىڭ ھەقىقەتكە ئېرىشىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى بىلىش جەھەتتىكى جاھىللىقتۇر. تۇرمۇش بىز باشتا ئەسكەرتىپ ئۆتكەندەك ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلايدىغان، ۋارىسلىقى داۋاملىشىدىغان جەرياندۇر. تۇرمۇشتىكى ۋارىسلىق بىيولوگىيەلىك خاسلىق جەھەتتە ئاتىنىڭ بالىغا گېن ۋە قانداشلىق جەھەتتە ۋارىسلىق قىلىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا، مەنىۋى جەھەتتە دۇنيا قاراش، ئەخلاق مىزانى ۋە بەزىبىر مەنىۋى ئۆلچەملەرنىڭ جەمەتچىلىك، ئەنئەنە ۋە ئىدىيە سۈپىتىدە ئەجدادتىن ئەۋلادقا كۆچۈشى ۋە سىڭىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بىز تۇرمۇشىمىزدا نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى سوپىزم ئىدىيەسىنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنى ھېلىھەم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. شۇنداقلا بۈگۈنكى زامانىۋى جەمئىيەتتىمۇ بەزىبىر بىدئەتلىكلەرنىڭ كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ خىل ئىدىيەنىڭ ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىك ئىكەنلىكى ئالللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن تەلتۆكۈس يوقالماستىن، ھېلىھەم ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بولۇشىدۇر. بۇ، قارىماققا كىشىلەرنىڭ بىلىشىدىكى كەمتۈكلۈكنىڭ نەتىجىسىدەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ۋارىسلىق ۋە جاھىللىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تۇرمۇشىمىزدا بەزى نەرسىلەرنىڭ زىيادە ئۇلۇغلىنىشى ياكى مۇقەددەسلەشتۈرۈۋېتىلىشى بىزنىڭ شۇ نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشىمىزغا سەۋەب بوپقالىدۇ. بۇ خىل چوقۇنۇش ھەتتا بەزىدە بىزنى شۇ نەرسىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ھەققىدە ئويلىنىشقا جۈرئەت قىلالماس قىلىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ بىز ئىلگىرىكىلەرنى بەك ئۇلۇغلاپ، «ئىلگىرىكىلەر شۇنداق قىلغان، مۇشۇنداق دېگەن» دەپ ئۇلارغا قارىغۇلارچە ۋارىسلىق قىلماقچى بولغاندا، بۇ خىل جۈرئەتسىزلىك تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇ خىل جۈرئەتسىزلىكنىڭ سەۋەبى، ئۆزىمىز مۇقەددەس بىلگەن شۇ نەرسىنىڭ ھەقىقەتەن نەزىرىمىزدىكىدەك ئۇلۇغ ياكى جەلپكار بولغانلىقى بولماستىن، بەلكى بىزدىكى كۆنۈكۈپ قېلىش، كېچەلمەسلىك، ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان نەرسىنىڭ ھەقىقەتەن خاتا چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇشتۇر. بىلىش جەھەتتىكى بۇ خىل جاھىللىق يەنە بىر جەھەتتىن پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پىكىر يېتەكچىلىكىنىڭ خاھىش ۋە نوپۇزغا چوقۇنۇشقا ئوخشاش مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشى، پىكرىي مۇستەقىللىقنىڭ يوقىلىشىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. پىكىر جەھەتتە باشقىلارغا ئەگىشىش بىلىش جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن پىكرىي مۇستەقىللىقنىڭ يوقىلىشى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى پەيدا قىلغان ھۇرۇنلۇق، قەلب سەزگۈلىرىنىڭ قېتىپ قېلىشى ۋە ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقنىڭ ئۆچۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. گېگىل دەل مۇشۇ خىل ھالەتنى «ئۆلۈم» گە ئوخشاتقان. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىر ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقىدىن ئۆزى خالاپ ۋاز كېچىشى، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى دەپسەندە قىلىشى خالايىق ئالدىدىكى ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر.

ئادەم ھامان ئۆلىدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇلارنى ھاياتلار دائىم ياد ئېتىشىپ يۈرىدۇ؛ بەزى كىشىلەر بولسا ھايات يۈرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلەردىن پەرقى بولمايدۇ. ئالدىنقى كىشىلەر بەئەينى سۈيى بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان بۇلاققا ئوخشايدۇ، كېيىنكى كىشىلەر بولسا، تومۇز ئىسسىقتىكى ئالۋۇنغا ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، ئادەمگە نىسبەتەن تىرىك يۈرۈپ ئۆلۈكتىن پەرقىنىڭ بولماسلىقى ئەڭ چوڭ خارلىق بولسا كېرەك. ئارىمىزدا ئۆرە يۈرگەنلىكى ۋە سۆزلىيەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تىرىك ساناپ يۈرىدىغانلار كۆرمىڭ. ئەمما ئادەمنىڭ زېمىن ئۈستىدە ئۆرە يۈرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا تىرىكلىككە نىشان بولالمايدۇ، ئۇ پەقەت تىرىكلىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى، خالاس. چۈنكى تىرىكلىك قىممەت ئۆلچىمى بولىدىغان بولسا، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ تىرىكلىكىنىڭ پەرقى بولمايدۇ. تىرىكلىك تىرىكلىكنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ. تىرىكلىكنىڭ ھەققى ئىنساننىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىگە ھېساب بېرىشكە ھازىرلىنىپ، ھەر بىر تىنىقىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئىمتىھان مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر ۋاقىت سەزگۈر ۋە سوزۇك ياشاشتىدۇر. كىمكى ھاياتىدا تىرىكلىكنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭ خارلىقى ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ، بەلكى ھەقىقىي خارلىقى رەسمىي باشلىنىدۇ.

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە ئىشلەيدۇ



# بىر ئاددىي ئىنساننىڭ قايغۇسى

ئابدۇقادىر جالالىددىن

تۈنۈگۈن (15 ـ ئاپرېل)، ئوقۇغۇچۇم تۇرسۇن ھەببۇللا ئارقىلىق قاغىلىقتىكى ئابدۇللا ئوسمان ئاكىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. قۇلاقلىرىم ئۆلۈم ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە پىششىپ كەتتىمۇ ياكى باغرىم قاغدالما بولۇپ قېتىپ كەتتىمۇ، بۇنىسىنى ھېچ بىلەلمىدىم. ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى مەندە دەماللىققا سىلكىنىش پەيدا قىلمىدى. ئەقىل ۋە غۇرۇر قوبۇل قىلالمايدىغان غەلىتە ئىشلارنى ئۇن ـ تىنسىز ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن يەردە، بىر ئىنساننىڭ يارىتقۇچىسىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغان ھالدا بەندىچىلىك قىلىشى ھاياتلىق قانۇنىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە تەبىئىي تۇيۇلسا كېرەك. يامان خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئازراق سۈكۈت قىلىۋالدىم ـ دە، مەرھۇمغا مەغپىرەتلەر تىلىدىم. مانا، بىر ئاخشام ئۆتتى، سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىدىكى ئۆزۈمگە قايتقان دەقىقىلىرىمدە ئابدۇللا ئاكىنىڭ سىماسى كۆز ئوڭۇمدا ئەكس ئەتتى. ئۇ پاكارراق كەلگەن، كۆزلىرى دۈگىلەك، خۇشخۇي ئادەم ئىدى، ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە بېشىدا بادام دوپپا بار



ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشكەندە كۆزلىرى، يۈزلىرى، لەۋلىرى قوشۇلغان ھالدا يۈرىكى بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى يېغىپ تۇرغان چېھرى كىشىدىن تۇرمۇشنىڭ ئىزتىراپلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، كۆڭۈلنى ئازادە قىلىپ قوياتتى. خاتىرەمدە ئۇنىڭ سىياقى جانلانغانسېرى ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىغا نىسبەتەن چىدىمايدىغان ئەلەملىك ھېسسىيات قوزغىلىشقا باشلىدى. ۋادەرىخ، ئەلەملەر ئازمىدى! بىرپەس سۈكۈت قىلىۋالاي، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىنچلاندۇرۇپ، سەۋر قاچامغا تەقدىرنىڭ يەنە بىر ئاچچىقىنى سىغدۇراي!

ئابدۇللا ئاكىنىڭ مېنى مۇشۇ قەلەمنى تەۋرىتىشكە ئۈندىگەن خىسلىتى نېمىدۇ؟

ئابدۇللا ئاكا بىلەن ئۇچراشقان تۇنجى قېتىمدا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن يارقىن تەسىراتى خۇش چاقچاقلىقى بولدى. ئۇنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى تېز بولۇپ، گەپلىرىدىن يۇمۇر، لەتىپە تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى ھە دېسىلا ئىشتاننىڭ ئېغىدىن چىقمايدىغان شاتىراق يۇمۇرلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ يۇمۇرلىرىدا كاززاپلىق، ئاچ كۆزلۈك، خۇشامەتچىلىك ۋە قۇلچىلىق كەبى ئەھلى زامان ئىللەتلىرىگە قارىتا ئۆتكۈر ھەجۋىي بار ئىدى، بەزى لەتىپىلەرنىڭ ۋەزنىدە پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ قىياپىتى

www.uyghurkitap.com

ئايان ئىدى. ئابدۇللا ئاكا بىلەن بولغان پاراڭ بىر نەچچە سائەت سوزۇلغاندىمۇ، زېرىككىش بىلىنمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر گېپىنى ھېچقانداق تەكرارلاپ تاشلىمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇرەسسەسىز بىر تەنقىدچى ئىدىكى، تەييار يۇمۇرلارنى يادلاپ يۈرمەيتتى. بەلكى، ئاچچىق كىنايىلەر ئۇنىڭ ۋىجدانىدىن راۋان ھالدا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يادلىغان گەپلەر بىلەن ۋىجداندىن چىققان گەپلەرنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشىمايدۇ. ئابدۇللا ئاكىنىڭ ھەجۋىيلىرى سورۇننىڭ نەق كەيپىياتى بىلەن قوشۇلۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ۋە پىكرىي ئۈنۈمگە ئىگە بولاتتى. ئۇ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان گالۋاڭ، جانباقتى قىزىقچىلاردىن ئەمەس، بەلكى، جەمئىيەتنىڭ يۈنىلىشى ۋە تۈرلۈك ھادىسىلەرگە نىسبەتەن مۇستەقىل قاراشقا ئىگە ئىدى، شۇڭا، ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرى نىشانغا ئاغماي تېگەتتى.

ئابدۇللا ئاكا شائىر كىشى ئىدى، كۆپ بولمىسىمۇ بىر تۈركۈم شېئىرلارنىڭ ئاپتورى، ئۇنىڭ قىزىقىشىنى ئالاھىدە قوزغىغان تەرىپى، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئاجايىپ پىششىق ئىدى، ئۇنى بۇ جەھەتتە قامۇسمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرى تەرجىمە ئارقىلىق ئۆزلىشىپ كىرگەن سۈنئىي سالاپەتتىن كۆپ يىراق ئىدىكى، خەلق قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى، لەتىپىلەر، ئىدىيوملار ئۇنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرلىرىگە ھەملىشىپ كېلەتتى ۋە ئاڭلىغۇچىلاردىن دەرھال ئىنكاسقا ئېرىشەتتى. ئابدۇللا ئاكا شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ خېلى كۆپ تونۇش ئىدى. نەۋايى غەزەللىرى، بىدىل رۇبائىيلىرى، رۇمىي ھېكمەتلىرى ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىدا پات ـ پات جۇلالىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پارس، تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ئۇستازلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئائىت ھېكايىلەر ۋە رىۋايەتلەرنى جانلىق سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ كىشى قەلبىدىكى ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. «سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىڭ ۋەزنى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن» دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىملىق پاراڭىمىزدا: «مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل بىلەن جالالىددىن رۇمىيدىن ئىبارەت ئىككى زاتنىڭ ئىسمى سىزدە مۇجەسسەم بوپتۇ.» بۇ گەپ كېيىن بىر تۈرك يىگىت بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە باشقا ۋارىيانتتا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى: «ئىسمىڭىز بەك گۈزەل ئىكەن، سىزگە ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن!» دېگەن ئىدى ئۇ يىگىت ماڭا تىلەكلەر تىلەپ. ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئابدۇقادىر ئىنان بىلەن باغلىغان ئىدى.

ئابدۇللا ئاكا پاراڭ ئارىلىقىدا شېئىر ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرى ئەدەبىياتىمىزدىكى تارازا باسالايدىغان شائىرلارنىڭ ئەڭ يارقىن مىسرالىرى بولۇپ چىقاتتىكى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شېئىر تونۇيدىغان دىتىنىڭ ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مەن ھازىرمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئۆرنەك مىسرالار ئابدۇللا ئاكىنىڭ خاتىرىسىدە تاۋلانغان ھالدا جەم بولغان بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. (ئەپسۇس، بۇ خاتىرە ئەمدى يوقالدى.) شېئىر ئوقۇغان ۋاقىتتىكى ئابدۇللا ئاكىنىڭ لەۋزىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلىرى مەنە ئاتاكىسىغا ئۆتكەن پىدائىيلارغا ئايلىناتتى. ئادەم كۆچى تۆپەيلى جەلپكارلىقنى يوقاتقان سۆزلەر ئۇنىڭ ئاۋازىدا يېپيېڭى بىر مەنە رەۋىشىدە دۇردانىلىك ياكى غىلاپسىز خەنجەردەك پارقىرايتتى. مەن ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ ئوقۇغان شېئىرلارنى قايتا كۆرۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ باقاتتىم. قاغىلىقتا ۋارىسجان قاسىم دەيدىغان بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بار، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر شائىر، ۋارىسجان قاسىم ئابدۇللا ئاكىنىڭ بىر شاگىرتى سۈپىتىدە، ئابدۇللا ئاكىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت بابىدىكى دىتىغا ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ زېھنىي خاتىرىسىنى شائىرلىرىمىزنىڭ نازۇك سىرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئابدۇللا ئاكا ئۇدۇمىنىڭ ۋارىسجاندا ساقلىنىپ قېلىشى كىشىگە ئاز ـ تولا تەسەللى بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن ئابدۇللا ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روھىنى تولۇق كۆرەلىگەنلىكىمدىن ھەيران بولىمەن، زاماندىش يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختى ئاكىمۇ بىر ماتېماتىك ئەمەسمىدى! بىز بۇنىڭدىن مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىمىز: ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات گېپىنى ئەڭ ئاۋۋال مەكتەپ ئەمەس، خەلق ھاياتىنىڭ تۈپ روھى بەلگىلەيدۇ. خەلقنىڭ تىلى، خەلقنىڭ روھى، خەلقنىڭ غۇرۇرى ئۈلمىگەن يەردىن ئەدىب ـ شائىرلار ئۈنۈپ چىقىدۇ. مەكتەپلەر خەلق روھى ۋە خەلق مەنپەئىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولالىغاندىلا، ئاندىن، ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت روھىنىڭ پەرۋىشكارى بولالايدۇ. ئابدۇللا ئاكىنىڭ شائىرلىق روھى بۇلغانمىغان گۈزەل تۇپراقنىڭ ئېتىكىدە ئايىنىدى ۋە ئۆز غۇرۇرىنى كۆرسەتتى.

ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي روھىدىن ئايرىلغان كىشىلەر

ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئەدەبىياتنىڭ ئابستراكت قائىدىلىرىدىن قانچىلىك ئۆزلەشتۈرگەن ۋە بۇ ئۆزلەشتۈرمە بەدىلىگە قانچىلىك يۇقىرى ئۇنۋان ئالغان بولسۇن، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى ئىجادىي نۇقتىدىن راۋاجلاندۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇلار مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە ئۆزلىرىگە يات شائىرانە قىزغىنلىقتىن ۋە پىداكارلىقتىن كەلگەن ئىجادىي ئەسەرلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن سېغىپ ئىچىدۇ. هازىر 10 كۇپلېت خەلق قوشىقىنى ياد بىلمەي، زورۇر بىر قانچە نادىر ئەسەرنى ئوقۇيالماي ئوقۇش پۈتكۈزۈپ چىقىدىغان ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئىستۇدېنتلىرى ئازمۇ؟ مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ماڭا ئابدۇللا ئاكىنىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆتۈلدى. ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان سەممىي ئىخلاسى گويا بىزدىن ئۆزاپ كېتىۋاتقان هۇما قۇشىدەك پەرىشان تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

ئابدۇللا ئاكا سۆيۈملۈك كىتابخان. ئۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى شۇنداق ياخشى چۈشىنەتتىكى، ئەسەرلىرىمنىڭ ئەكس سادالىرىنى ئۇنىڭدىن ئىستىگەنلىرىمدە، هاردۇقلىرىم بىراقلا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى تەھلىل قىلىپ بەرگىنىدە، سۆيۈنۈپ، ئۆزۈمدىن ئازراق بولسىمۇ رازى بولۇپ قالاتتىم. راستىنى ئېيتسام، مەن قەلەم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ خۇشامەتتىن نېرى سەممىي چىرايى پەيدا بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ باھالىرىنى غايىۋانە ئاڭلاۋاتقان بولىمەن، شۇ چاغدا ئۆزۈمدە ئىپتىخار ۋە بۇرچ ھېس قىلىمەن. شۇنداق دېسەممۇ ھەقلىق بولىدۇكى، مەن بەزى قۇرلىرىمنى ئابدۇللا ئاكا ئۈچۈن يازىمەن، ھەي، مەن ئابدۇللا ئاكىدەك كىتابخانغا يەنە ئېرىشەرمەنمۇ؟

شۇ تاپتا، ئابدۇللا ئاكا ئەسلىمىسىگە ئائىت كىچىككىنە بىر كارتىنا ئېسىمگە كېلىۋالدى: 1994 - يىلى يازدا قاغىلىقتا دەرس ئۆتكىلى بارغان ئىدىم، ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ، ياتىقىمغا ئىزدەپ كىرىپتۇ.

— يۈرۈڭ، كەچلىك تاماقنى بىللە يەيمىز. سىرتتا قاۋۇل ساۋۇر قاتارلىق دوستلار ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى ئابدۇللا ئاكا.

— ئوبدان، — دېدىم مەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — جىنىدەك ساقلاپ تۇرسىڭىز، ساقلىم ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ئېلىۋېتەي.

— بولدى قىلامىلىكىن، بىزنىڭ قاغىلىقتا ساقلى يوق ئادەمنى ياش بالا سۆيۈپ تاشلايدۇ. ساقال بىلەن بېجىرىم يۈرسىلە!

بۇ گەپ ماڭا تازا ياردى، ھەتتا، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مىنكاۋخەن ئايالىممۇ ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. شۇ كۈنى مەن ۋە باللىرىم قاغىلىقتىكى زىيالىي ئاكىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇللا ئوسمان ئاكىنىڭ گېپى چىقسا، ئۇنىڭ ئاشۇ چاقچىقى ئېسىمگە كېلىدۇ، ئېهتىمال، كېيىنمۇ شۇنداق بولسا كېرەك.

ئۈرۈمچىدىن قاغىلىققا بارغان قايسى ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئابدۇللا ئاكىنىڭ چېيىنى ئىچمىگەندۇ؟ رەھمەتلىك باتۇر روزى ئابدۇللا ئاكىنىڭ غەمخورلۇقىدا بىر مەزگىل پاناھلانغان ئىدى. ئابدۇللا ئاكا ئادىل تۇنىيازدىن ئۆز پەرزەنتى كەبى سۆيۈنەتتى. مەن بار يەردە ئادىل تۇنىيازنىڭ مىسرالىرىنى قەيت قىلاتتى...

ئابدۇللا ئاكا، شۇنداق قىلىپ، كېتىپ قالدىڭ، ئۆرتەنگەن ھالدا «ئەلھۆكمى لىللاھۇ» دەيمەن، خالاس. سەن غەزەلگە ئامراق ئىدىڭ، قارىلىقىڭغا بىر پارچە غەزەل ئارمىغان قىلدىم، قوبۇل قىلارسەن:


بىز تېپىشقان بىزگە خۇش رەپتارى يوق قىسمەت ئارا،
ئىزدىشىپ مەلھەم، ئاسايىش تاپمىغان مۇڭ - دەرد ئارا.
بىرلا چۈش كۆردۈق ھاياتنىڭ بۇ چەلەڭگۇش پەيلىدە،
دىل سىرى ئۆركەشلىدى دىدارىۋەش پۇرسەت ئارا.
سەنمۇ ئۆتتۈڭ تۈگۈلۈكۈڭگە كۆز تىكىپ يۇلتۇز ساناپ،
جۇرئىتىڭ سۇنغاندىمۇ ھەتتا، قىلىپ غەپلەت ئارا.
چاقچىقىڭدىن يوقلىپ كەتكەن، توزۇپ دىشۋارلىرىم،
ئاۋۇناتتىم بىر مەھەل بايرام تېپىپ غۇربەت ئارا.
نەزمىلەرنى چۇقچىلاپ، چوغلارنى ئوبدان قاچىلاپ،
تارقىتاتتىڭ ئوت - ھارارەت ئاخشىمى سۆھبەت ئارا.
زوقلىناتتىڭ ئەلنى سۆيگەن شائىرىڭ ۋىجدانىدىن،
ئەمدى كەتتىڭ روزى سايىت، تۇردىكام[1]، خەلپەت[2] ئارا.
نى ئەزىزلەر كەتتى ئەزرائىلنى چىللاپ ئۆزلىرى،
بۇ ئۆلۈم قورقۇنچىسىنى ھەل قىلىپ ھېكمەت ئارا.
ئۇخشىماي قالسا تىرىكلىككە تىرىكلىك، نە ئەجەب،
ئالغۇلۇق ھەر بىر قەدەمنى قالسىمۇ زەھمەت ئارا.

2010 - يىل 16 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

**ئىزاھ:**

[1] تۇردى ساماساق، [2] نەممەت خەلپەت

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى




## ئاسمان ئىزدەۋاتقان ئادەم

(مەرھۇم ئابدۇللا ئوسمان ئاكىنىڭ ۋاپاتىغا)

ئاخىرقى قار يوللىرىمدا
ئاپرېل كېلىپلا ئېرىپ كەتتى،
تۆرۈپكا تۇتقان قوللىرىمدا
دۇنيا بىردەمدە قېرىپ كەتتى.

بىر ئادەم كۆك ئاسماننى ئىزدەپ
مۇنبەردىن يەرگە كىرىپ كەتتى.
ئاسمان ئابدۇللا ئوسماننى ئىزدەپ
پەسكە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى.

ئاھ، مەن كىمنى ئىزدەرمەن ئەمدى؟
قارا قاغىدەك بارسام ئۇ يەرگە؟
قۇرۇم تاغلىرى قارا باغلىدى
باغرىدا قارىغايدەك يىقىلغان ئەرگە.

تەجەللى بۇندىن كەتكەندىن كېيىن
كەلگەن شەپكىلىك ئالىم . بىر شائىر.
تىرىك نەسىردىن ئىدى، بۇ قېتىم
كۆتۈرەلمەپتۇ چاقچاق ئەزرائىل.

تېلېفوندا بىر تال قىزىلگۈل
چۈشتى لەيلەپ باھار پەسلىگە.
غۇنچىلىدى كۆڭۈل ھەسرەتتىن
ئۇ يەتتى مەڭگۈلۈك يار ۋەسلىگە.

## بىر تۈپ توغراق

بىر تۈپ توغراق كېسىۋېتىلدى،
كۆڭلەكلىرى ياپېشىل ئىدى.
قۇچقىدىن چۈشتى توپىغا
ياپراق بوۋاق ئىگرىغان پېتى.

بىر تۈپ توغراق كېسىۋېتىلدى
بېشى يەردە، توپا ساقىلى.
يۈرەك سۆزى كۆپ ئىدى يازغا
بىر شۇرلاپ توختىدى تىلى.

بىر تۈپ توغراق كېسىۋېتىلدى
ئۆپكىدەيدۇ ھازىدار ئورمان.
كېپەنلىگەن ئانا يەر ئېيتار:
بىر تۈپ توغراق بولسا نە ئارمان!

بىر تۈپ توغراق
ئۇ بىر يېشىل يەك،
يەك ئىچىدە بىزنىڭ قولىمىز.
ئىنسانىيەت قىلدى مۇنداق جەك:
تەبىئەتنىڭ قولى كېسىلگەن ـ
كېسىك ئەمدى ھايات يولىمىز.

## دېڭىز بويىدىكى مېھمانخانا

شېئىر مۇنداق باشلىنار:
بۇغدايلىقتا ھىلال ئاي.

دولقۇن مۇنداق باشلىنار:
مېھمانسارايى پەلەمپىيدىن
كۆك چىملارغا ئۆكسۈشۈپ چۈشسىدۈك
ئوڭ تەرەپتە نەم شامال بىردىن
كۆرۈندۇ دولقۇنلار چۈشتەك.
گويا مامات ئالدىدىكى يانقان
ھايات ئۇچۇپ ئۆتكەن بىر قۇشتەك.

ھېكايىلەر باشلىنار مۇنداق:
ئاۋۋال بىر ئەر ئاندىن بىر قىزچاق
ئىسسىق، نەمخۇش دېڭىز بويىدا
كۆرۈشىدۇ گۈللەر قولىدا
كۈلۈشىدۇ كەپتەرلەر ئۇچار،
سۆيۈشىدۇ دولقۇن قوينىدا.
قايتار دولقۇن چاچلىرى ئاپپاق،
قايتقانلارنى قۇچاقلار تۇپراق.

غېرىبلىقىم باشلاندى مۇنداق:
مەن بىر ئۇيغۇر ئۆزىدىن يىراق،
بوزغۇنلاردا مېنىڭ ۋەتىنىم.
كۈن زېمىنگە ياققاندا چىراق،
قۇمدا ماڭغان بېلىق بەدىنىم،
يۈرىكىمنى ئۆرتەيدۇ پىراق.

دېڭىز بۇگۈن مۇنداق باشلاندى:
ساھىلىدا بار بىر جۈپ ئەر - ئايال
ئىككى ئوغلى ئوينايدۇ خۇشال.
باللىقى ئاپپاق قۇم قەلئە
يۇزلەنگەندە دېڭىزغا ئۇلار.
ھاياتى بىر رولچى بار كېمە
ھەر تەرەپتىن لەك ئۇرسا سۇلار...

دېڭىز نېمە؟ ئادەم دېڭىزى
تامچە - تامچە شەھۋىتى ئۇنىڭ.
يەر چۆكۈشكە باشلىغان كېمە
چەكسىزلىكى ئالدىدا سۇنىڭ...

گۇگۇم بىزگە باشلىنار مۇنداق:
مېھمانخانا دېرىزىسىدىن
قايرىلغاندا ھاۋارەڭ پەردە
مۇساپىر ئاي كۆرۈندى بىردىن
سۇ ئۇھ تارتار يېقىنلا يەردە.

سەيلە ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ
شېئىرمۇ بىر بەتتىن ئاشمايدۇ،
تەنھالىقتىن دېڭىز تاشمايدۇ،
ئاسمان مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ.

## جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى

مەن شېئىرنى باشلىشىم بىلەن
كۆچكە تولۇپ چىڭقىلدى قەلەم،
جەنۇب گويا بىر ۋاراق قەغەز
يېرتىلىپ تۇراتتى ئىلھامىم بىلەن.

مەن توپىدا ئويناۋاتقاندا
ئۆستەڭدە سۇ سەكرەپ، ئويناقلاپ
چوڭ بولۇشنى ئويلاۋاتقاندا
جەنۇب مەندەك بىر جۆندەك ئىدى
ئىشتىنىنىڭ ئېغىدىن
ئوغۇل باللىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئاپتاپتا كۆيگەن قارام يىگىتلەر
بوقىدەك ئېتىلىپ تۇراتتى.
چۆمبەل ئىچىدىن، گۈللۈك كېچىدىن
جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى.

جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى
تاغلىرىدىن
باغلىرىدىن
ئېقىپ چىقىپ ئەركەك سۇلىرى.
سۇغا تىكىلىپ تۇرغاندا بىردەم
سۇ كۆزۈمگە قىزىل كۆرۈندى،
سۇدىن قىزىل گۈللەر كۆرۈندى
گۈلگە تولغان كۈنلەر كۆرۈندى ...

جەنۇب كۆكسىدە
قۇياش دۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇراتتى،
ئاخشامنى يۇلتۇزلار چوقۇپ تۇراتتى،
زاۋۇتلار دېۋىدەك سالغاندا قىيقاس
قۇشقاچلار تىمتاس قورقۇپ تۇراتتى.
ھاۋانىڭ ساپ سۆيگۈ خېتىنى
تۇرخۇنلار قاپقارا ئوقۇپ تۇراتتى.

مەن جەنۇبتا تۇغۇلغان
يۇمشاق خەلقىم بىلەن،
قاتتىق تاغلار بىلەن
بوران، قۇم - توپا، يامغۇر - يېشىن
مېۋىلىك چۆل، گۈل - باغلار بىلەن.

جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى
نېفتى پاتماي ئىچىگە،
دۆۋە - دۆۋە پاختىلاردىن،
قەۋەت - قەۋەت بىنالاردىن،
بېيىشكە، كىيىشكە بولىدىغان
كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بىنالاردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىس ھىدى كېلەتتى سانائەتنىڭ
پۇرىقى كېلەتتى ئۇپا ـ ئەڭلىكنىڭ
شەپسى كېلەتتى غەلتە، يېگى
بايلىقنىڭ، كېسەلنىڭ، تەڭلىكنىڭ.

«خۇدايىمنىڭ
بەزى كۈنلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي،
بەزى كۈنلىرىنىڭ قوتىغا تېپەي»
دەيتتى دېھقان تاغام مەتنىيازخان
كېۋەزلىككە يوقلاپ بارسام.

مەن جەنۇبنى سۆيىمەن،
جەنۇب يېرتىلىپ تۇراتتى
كىيىۋەرگەچكە يىل بويى مەن ،
شىمالدىكى ئۆيۈمدە ئۇنى.

## خورما يېغى

1
ساپ ھەسەلدەك قويۇق ۋە سۈزۈك
مەن يات ئەلدىن ئېلىپ قايتقاندا،
خورما رەڭ قوشناچىم ۋە موللام مۇشۇك
بوسۇغامغا كېلىپ قايتقاندا.

بەرىكەتلىك مايدىن لەززەتلىك بىر كۈچ
بەدەنگە ۋەسۋەسە سېلىپ قايتقاندا،
ئىسسىق بەلۋاغنىڭ خورما دەرىخى
شېشىدە يېغى، ياپرىقى جاندا...

2
خورما ياپرىقى سۆزلەر ئەرەبچە
قىزىل دېڭىزدىن چىققان شامالدا،
پاكلانغان قەلب نۇرلانغان خەلق
تەۋەررۇك زېمىندىن كەلگەن سۇ مايدا.
خورما يېغى ساپ، خولېستېرىنسىز
ھەزىم بولۇپ تېز ئايلىنار قاندا.

3
مېنىڭ غېرىبلىقىم ئاستا، ئاۋازلىق،
بىر توپ خورما يىغلاۋاتقاندا،
مېنىڭ سۈكۈتۈم قويۇق ۋە مايلىق
پولۇ قازاندا دەم يەۋاتقاندا،
مېنىڭ كېسىلىم بىر ۋە كۆپ شاخلىق
تومۇردا قان لايدەك ئاققاندا.

4
قايتتى دوستۇم قولى ماي يۇقى
خوتۇنىغا ئېلىپ سوۋغاتلىق.
قويدى تاۋاقنى تولۇن ئاي يۇقى
ئاش تاتلىقمۇ ياكى قول تاتلىق؟
داستىخان ئەمدى يىغىلدۇ تېز
كۆزدە تېپىشماق، لەۋلەردە شادلىق.
خورما دەرىخى يۇر قايتايلى بىز
مايلىق بۇ ئاخشام بىزگە ئۇياتلىق...

## سالام ئېتىزدىكى پەيلاسوپلار

ئىنگلىز تىلىدا ئازابلىنىمەن
باسقاندا مېنى كىتاب بىلەن غەم.
پەيلاسوپ كېلەر قولىدا ئوغاق،
ئۇيغۇر تىلىدا بۇغداي دېسەم مەن.

سالام ئېتىزدىكى پەيلاسوپلار
نەچچە مىڭ يىللىق ئەسىرلەر.
پەلسەپىدىن قوچۇلدى كاللام
كەتمەندىن لېكىن تەسىرلەر.

ھەرىكەت ئۇلۇغ دەپ تۇۋلار سوقرات
ئافىنا كوچىسىدا كېتىۋېتىپ.
تۇرمۇش سىلەرنىڭ تەلىماتىڭلار،
ئويلايمەن لۆم ـ لۆمدە ئېزىلىپ ـ يېتىپ.

سۇ دەپ شېئىر يازدىم ئۆيۈمدە مەن
سۇنى خىمىك دوستۇم قىلار تەجرىبە.
سىلەر ئېتىزغا سۇ باشلىغاندا
سۇ ھاياتلىق، مۇقەددەس نەرسە.

مەۋجۇتلۇق مەۋجۇتمۇ ۋە ياكى يوقتۇر
كۆزەينەكلىك دوكتور ئويلار تېخىچە.
شاپاق دوپپىلىق پەيلاسوپ بولسا
گۆش ـ گۆش دەسسەپ كەتتى مەسچىتكە.

دەيمەن غېرىبنىڭ مەن بىر شاتۇتى
سىلەر توپ پادا ئۆزلۈكسىز، مەنسىز،
قولۇم سىياھ، كۆزۈم ياش يۇقى
مەنە ئىزدەيمەن ھايات مەنسىز.
شاپاق دوپپىلىق پەيلاسوپلار خوش
مەندىن يۈكسەك سىلەر، كۆڭلۈڭلار خۇش.
پەلسەپە ئېقىممىز باشقا ـ باشقا
مەقسىتىمىز بىر: ياشىسۇن تۇرمۇش!

تەكلىپلىك مۇھەررىر: ئىمىن ئەھمىدى



دۇنياۋىي مەشھۇر ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ
بىرى، خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ئەلچىسى، تەتقىقاتچى شياۋ جۇڭيى ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830002 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010 ـ يىل 3 ـ سان (ئومۇمىي 303 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۈەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58—22　定价：6元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـــ 58 باھاسى: 6 يۈەن

# رەسسام، خەتتات، گۈزەل سەنئەت ئالىي مۇھەررىرى
# ئەكبەر پەيزۇللا ئەسەرلىرىدىن